# قەشقەر ئەدەبىياتى

6

1983

# جاۋزىياڭ زۇڭلى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلىدى

1983- يىلى 8- ئاينىڭ 10- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جاۋزىياڭ، مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارىياتىنىڭ دائىمىي سېكرېتارى خۇچىلى، كاندىدات سېكرېتارى خاۋجيەنشيۇ قاتارلىق يولداشلار ئوپالغا بېرىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەھمەت، تەن يۇلىن قاتارلىق يولداشلار ئۇلار بىلەن بىللە بولدى.



جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى مۇنارلىق دەرۋازا ئالدىدا.



جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى مەھمۇت قەشقەرى مازىرى ئالدىدا.



جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى «چەشمە زىلال» بويىدىكى «ھاي-ھاي تېرەك» سايىسىدا.

سۈرەتلەرنى چېن دېيۇ تارتقان.

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1983 - يىل 6 - سان

12 - يىل نەشرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇ سانىدا :

بەت

ئۇلۇغ قىبلىنامە، نۇرلۇق ماياك……( ماقالە ) …………………… ئابلىمىز ئۆمەر 1
ئەسلەيمەن …………………… ( شېئىر ) ……… مۇنەۋۋەر قۇربان ئىمىن قىزى 5
ماۋجۇشىغا مۇھەببەت …………… ( « ) …………………… ئېزىز سايىت 5
جاۋزىياڭ زۇڭلى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ يۇرتىدا……(ئەدەبىي ئاخبارات) ……………
……………………………سۇلايمان ھابىل، ئابلا ئەخمىدى 7
مەھمۇت قەشقەرى مازىرىدىنى تەكشۈرۈش دوكلادى …………………… 18
تارىخىي مىراس « قۇتاتقۇبىلىك » توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان……… ئەھمەد زىيائى 22
بوۋام ئىزىدىن…………… ( شېئىر )……………… ئىلھامجان ئابلىز 82
ئەلشىر ناۋائىينىڭ فەردلىرىدىن ………………………………… 83
شېئىرلار …………………………………… تۇرسۇن زىرىدىن 86
شېئىرلار …………………………………… قېيۇم سوپى 88
ئىككى شېئىر …………………………… ئېيتقالى ئوسپان ئوغلى 90
شېئىرلار …………………………………… جەننەتقان تۇتقابەگ 92
ئىككى شېئىر ……………………………… داياربەك زىيادا ئوغلى 94
ئىككى شېئىر ……………………………… بايتىك دوسە بايەۋ 96
پاقىنىڭ قونداقا چىقىشى………… ( مەسەل ) …………… سەيپىدىن ئەزىزى 98
ماقال-تەمسىللەر ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىكى رولى………(ماقالە)………ھاجى ئەخمەت 105
يايلاقتىكى ناخشا ……………… ( ھىكايە ) ……………… ئاتىكەم زەمىر 116
بەختىم ……………………… ( شېئىر ) ……………… تۇنىسا ئوسمان 125
كوكۇل ئارزۇسى ……………… ( « ) ……………… رەشىدەم سىيىت 126

## يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

# ئۇلۇغ قىبلىنامە، نۇرلۇق ماياك

## — يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

ئابلىز ئۆمەر

بۇ يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 90 يىل بولدى. بۇ شانلىق كۈننى خاتىرىلىگىنىمىزدە، بىز ئۇلۇغ داھىيمىز، ئۇلۇغ ئۇستازىمىز رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ پارتىيىمىزنى ۋە ئارمىيىمىزنى قۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن؛ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن قوشقان مەڭگۈ ئۆچمەس خىزمەتلىرىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز! دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا قوشقان بىباھا تۆھپىلىرىنى ياد ئەتمەي تۇرالمايمىز! ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، ئىستراتېگىيىچى، نەزەرىيىچى سۈپىتىدە، ماركسىزم - لېنىنىزم ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاكونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يارىتىشتىكى تەڭداشسىز ئېقىل - پاراسىتىنى قەيت ئەتمەي تۇرالمايمىز!

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. ئۇ، كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنغا ئىگە. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بولسا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدە، خەتلىرىدە، «4 - ماي» دىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى - دىخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنى يېڭى دەۋردىكى ئامما

بىلەن قانداق بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى شەرھـ
لەنگەن؛ " بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ،
ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش " يۆنىـ
لىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئەدەبىيات ـ سەنـ
ئەت بىلەن خەلقنىڭ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت
بىلەن ئىنقىلاپنىڭ، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئوسـ
تۇرۇشنىڭ، مەنبە بىلەن ئېقىننىڭ، ۋارىسلىق
قىلىش بىلەن ئۆلگە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى سوز-
لەنگەن. قىسقىسى ، ئېلىمىزنىڭ پرولېتارىياتـ
لىق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا
دائىر نەزەرىيە، يۆنىلىش، سىياسەت مەسىلىلىـ
رى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ
جەۋھىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئاممىـ
ـى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە خەلق ئامـ
مىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

يولداش ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى
كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغـ
رىسىدا مۇنداق دىگەن ئىدى: " بىزنىڭ ئەدىـ
بىيات ـ سەنئىتىمىز، بىرىنچىدىن، ئىشچىلار ئۈـ
چۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك . ئۇلار ئىنقىلاپقا
رەھبەرلىك قىلىدىغان سىنىپ. ئىككىنچىدىن،
دىخانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئۇلار
ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ قەتئىي ئىتتىپاقچى
قوشۇنى. ئۈچىنچىدىن، قوراللانغان ئىشچىلار ۋە
دىخانلار ئۈچۈن، يەنى 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ
ئارمىيە ۋە باشقا خەلق قوراللىق قوشۇنلىرى
ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئۇلار ئىنقىلاۋي
ئۇرۇشنىڭ ئاساسى كۈچى. تۆتىنچىدىن، شەھەر
ئۇششاق بۇرژۇئا ئەمگەكچىلىرى ۋە زىيالىيلىرى
ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئۇلارمۇ ئىنقىـ
لاپنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتكـ
چە بىز بىلەن ھەمكارلىشالايدۇ. بۇ تۆت خىل
كىشىلەر ــ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ زور قىسمى،
ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى. " يولداش ماۋزېدۇڭ
لېنىننىڭ سېتكىن بىلەن سەنئەت توغرىسىدا
قىلغان سوھبىتىنى قانداق چۈشۈنۈش ئۈستىدە
توختالغاندا: ئىنقىلاۋي ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئاممىدىن ئېلىنىشى، يەنە ئاممىغا قايتۇرۇلۇشى،
شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسات، سىياسى، تېرىتورىيە
ۋە مىللەت سەۋەبىدىن چېچىلىپ كەتكەن " ئامـ
مىنىڭ ھېسسىياتى، ئىدىيىسى ۋە ئىرادىسى" ئەـ
دەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تارقىتىش رولى ئارقىلىق
" بىرلەشتۈرۈلۈشى " كېرەك، دەپ كورسەتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كورۇشكە بولىدۇكى، ئەدىـ
بىيات ـ سەنئەتنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇـ
رۇش مەسىلىسى تۈپ ـ ئاساسى مەسىلە. ئۇ، پرو-
لېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بىلەن بۇر-
ژۇئا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى پەرق ئېتىشنىڭ
سىناق تېشى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىشچى، دىخان، ئەسـ
كەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلغانلىق ھەرگىزمۇ ئەدەبي ئەسەرلەردە ئىشـ
چى، دىخان، ئەسكەرلەرنىلا يېزىش كېرەك، دىـ
گەنلىك بولمىسىمۇ، ئومۇمەن، پارتىيە رەھبەرلـ
كىدىكى ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭـ
غا قاتنىشىشنى خالايدىغان بارلىق سىنىپ، بارـ
لىق تەبىقىلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات ـ سەنـ
ئەتنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيكتى بولسىمۇ، لېـ
كىن، ئاساسى نىشان، ئاساسى تىما چوقۇم ئېـ
نىق بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، " ئۇـ
لۇغ دەۋرنى، بۇ ئۇلۇغ دەۋرنى ئىجات قىلـ
غان ئۇلۇغ خەلق ئاممىسىنى ئەكس ئەتتۇرگىـ
لى بولمايدۇ. "

يولداش ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى
كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش بىلەن بىرلىكتە، قانداق خىزمەت قىلدۇـ
رۇشنىڭ يولىنىمۇ كورسىتىپ بەردى، ماركسىزىمـ
نى ۋە جەمىيەتنى ئۆگىنىش جەريانىدا ھەم ئىـ
دىيەۋى ھىسسىياتنى ئوزگەرتىش ھەم بايي تۇر-

مۇش مەنبەسىدىن ئوزۇق ئېلىش ئارقىلىق تارىخى تەرەققىياتنىڭ ئومۇمى يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەسەر يارىتىش مەقسىدىگە يەتكەندىلا، ئاندىن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ھەقىقى ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

دېمەك، يولداش ماۋزېدۇڭ «نۇتۇق»تا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە قايتا-قايتا تەكىتلىگەن يۆنىلىش — ئەدەبىيات-سەنئەتنى ھەقىقى تۈردە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلقنى تەربىيىلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشقا ئاتلاندۇرۇش يۆنىلىشىدۇر، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزنىڭ چىڭ تۇرۇشىمىز زۆرۈر بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا يۆنىلىشتۇر. بۇ يۆنىلىش ۋە بۇ يۆنىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تۈپ پىرىنسىپلار ھازىرمۇ، كېلىچەكتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى يېڭى تارىخى دەۋردە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە جەمىيىتىمىزدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ زور كۆپچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئەت ۋە تەلەپلىرىنى ئەستىن چىقارماي، تارىخى تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ۋە ئاساسىي ئېقىمىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى ئورتاق ۋە تۈپ مەنپەئەتى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ، ئالاھىدە يېزىشقا ئەرزىيدىغان ئاساسى تېما. خەلقنىڭ كۈيچىسى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بىر يازغۇچى ياكى سەنئەتكارنىڭ ئاشۇ تۈپ مەنپەئەت ۋە نىشاندىن چەتنەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ ئاساسى تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىلا، ئاندىن دەۋرىمىزنىڭ روھىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىزىمغا قاراپ ماڭىدىغان تارىخى جەريانىنى ئىپادىلەيدىغان ھەقىقى ئەدەبىيات-سەنئەتنى يارىتالىغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە يولداش خۇياۋباڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»ىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: "زامانىمىزنىڭ نۇرى نەدىن پارلايدۇ؟ مېنىڭچە، ئاساسەن يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بەش ئامىل: پارتىيە، سوتسىيالىستىك تۈزۈم، جىسمانى ۋە ئەقلى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى خەلق، ئازاتلىق ئارمىيىسى، ئىشلىرىمىزنى ئالغا يېتەكلەپ ماڭىدىغان ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن پارلايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ روھى نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇنداقلا يەنە روھى مەشئەل بولۇپ، 900 مىليوندىن كۆپرەك خەلقنى تېخىمۇ يۈكسەك روھى دۇنيا تەرىپىگە، تېخىمۇ يۈكسەك غايە تەرىپىگە، تېخىمۇ ئالى ئىنقىلاۋىي پەزىلەت ۋە ئىستىل تەرىپىگە يېتەكلەپ، تارىخىي تەرەققىياتىمىزغا تۈرتكە بولۇش ئەدەبى ئىجادىيىتىمىزدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر."

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش چاقىرىقىنى چىقارغاندىن بۇيان، كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە كەڭلىكى جەھەتتە، بەدىئى ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش ھاسىل قىلدى، دەۋر روھىغا ئىگە زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى يارىتىپ، پارتىيە ۋە

خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ھەقىقەتەن ياخشى بولۇپ كەلدى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يېقىندىن بۇيان ئايرىم ئاپتورلار يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات سەنئەتنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تۈپ-ئاساسىي پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرماي، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشى ۋە رەھبەرلىكتىكى چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق ھالەتنى ئۆز ۋاقتىدا تەنقىت قىلغان سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، ئۆزلىرىنىڭ زىيانلىق ئىدىيىسى، ئەسىرى، ئوينىغان نومۇرى ئارقىلىق كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن بۇلغاپ چىرىتمەكتە؛ بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆزدە تۇتۇلماي، تۇۋارلاشتۇرۇپ قويۇلدى؛ ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئابستراكتلاشتۇرۇلۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى؛ سوتسىيالىزم ۋە ماركسىزىمغا نىسبەتەن گۇمان تارقىتىلدى؛ ئىنكارچىلىق، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، ھوكۇمەتسىزلىك خاھىشلىرى بازارغا سېلىندى؛ شەھۋانىلىق، چاكىنا، پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەر تەرغىب قىلىنىپ كوممۇنىستىك ئەخلاققا خىلاپلىق قىلىندى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورلىرى ۋە نەزىرىيىۋى ماقالىلاردا بۇخىل خاتا خاھىشلار تەنقىتلەنمىدى. مەنىۋى بۇلغاش بىلەن شۇغۇللانغانلار گەرچە ئازچىلىق بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ زىيىنىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. مەنىۋى بۇلغاشنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى دۆلەتنى تىرەپ تۇرىدىغان تۆۋرۈك—4 ئاساسىي پرىنسىپنى يىمىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەر مۇرەككەپ بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم سەۋەب بىزنىڭ بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ يولداش ماۋزېدۇڭ «نوتۇق» ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئېيتىپ بەرگەن پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت يونۇلۇشىدىن چەتلىنگەنلىكىدە، ماركسىزىم، لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىدا؛ ئاممىدىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا، تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە توغرا تونۇشتا بولمىغانلىقىدا، قىسقىسى، 4 ئاساسىي پرىنسىپتىن تەۋرەنگەنلىكىدە.

بىز يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭى تارىخى شارائىتتا ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز، شۇنداق قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەنىۋى بۇلغىنىشنى تازىلاشتىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ تەدبىرنى قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. بۇ-ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىن-بىر توغرا يولىدۇر.

## ئەسلەيمەن

مۇنەۋۋەر قۇربان ئىمىن قىزى

ئەسلەيمەن ھاياتنى خوشال كۈلدۈرۈپ،
يورۇتۇپ كېچىنى چىراق ياققاننى.
ئەسلەيمەن بارىنى خەلقىمگە ئاتاپ،
قۇياشتەك نۇر چېچىپ ئىللىق ياققاننى.

ئەسلەيمەن ئەل ـ ۋەتەن نىجاتلىق ئۈچۈن،
سەپەردە باشلامچى شۇ قەھرىمانىنى.
ئەسلەيمەن يوقسۇللار ئىشقىدا كويۇپ،
ئىقبالنىڭ يولىنى داغدام ئاچقاننى.

ئەسلەيمەن گىياسىز، سۇسىز چوللەرگە،
سۇ باشلاپ باراخسان گۈلزار قىلغاننى.
خەلقىمگە مېھرىنى ئاتەشتەك توكۇپ،
ياۋۇز شۇم دۈشمەننى گۇمران قىلغاننى.

ئەسلەيمەن زاۋۇتتا، كاندا، ئېتىزدا،
ئۇچمەس ھەم يوقالماس يارقىن ئىزلارنى.

ئەسلەيمەن جۇڭخۇانىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن،
ھېچ پۈتمەس غەيرەتتە توھپە قوشقاننى.

ئەسلەيمەن كوزدە ياش ھاياجان بىلەن،
ۋىدالىق يىشىمىز توكۈلگەن چاغنى.
ئەسلەيمەن قايغۇدا " سەن مەڭگۈ ھايات"،
دىگەن سوز ياڭرىغان باغ ھەم تاغلارنى.

ئەسلەيمەن غەزەپتە چىش كىرىشتۇرۇپ،
"4 چايان" ياۋۇزلۇق قىلغان كۈنلەرنى.
ئەسلەيمەن ئايرىلىپ سەن ئۇستازىمدىن،
كىرپىكلەر يۇمماي ياش توككەن تۈنلەرنى.

ئەسلەيمەن ئۇستازىم ماۋجۇشى سىنى،
بەختىنىڭ ئىچىدە ھايات كۈلگەندە.
ئەسلەيمەن ئاسماندىن ئىس تۇتەك تارقاپ،
بۇ ھايات قايتىدىن چېچەكلىگەندە.

## ماۋجۇشىغا مۇھەببەت

ئېزىز سايىت

چىن يۈرەكتىن سېغىنىدۇق،
ماۋجۇشىنى ـ داھىنى.
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىمىز،
تىلغا ئالساق نامىنى.

ياڭزىجاڭنىڭ بۇيىدا،
ماۋجۇشىنىڭ ئىزى بار.
چوڭچىڭ خەلقى دىلىدا
مەڭگۈ ئۇچمەس سوزى بار.

ماۋجۇشىغا سويۇندى،
يۇرىگىمىز ـ دىلىمىز.
كۇرەشلەردە شان قۇچۇپ،
ئوتتى هەر بىر يىلىمىز.

لەپىلدىدى قىزىلتۇغ،
تىيەنئەنمىندە ـ راۋاقتا.
بەختىمىزنى كوردۇق بىز،
بەش يۇلتۇزلۇق بايراقتا.

ئىرىشتۇرگەچ ماۋجۇشى،
بىزنى پارلاق هاياتقا.
بولدى خەلقىم مۇيەسسەر،
شەرۋەت سۇيى بۇلاقتا.

جاراڭلىدى كۇيىمىز،
ياڭراپ كەتتى يىراقتا.
ۋەتەن قوينى ئايلاندى،
نۇرلۇق، گۇزەل گۇلباقتا.

ئىگە قىلدى ماۋجۇشى،
بىزنى سۇنماس قاناتقا.
ئىرادىمىز ئايلاندى،
تاۋلىنىپ گاڭ ـ پولاتقا.

ياڭرىدى كوكنى قۇچۇپ،
ئەنە ئەنشەن گۇدىگى.
كۇچ ـ قۇۋۋەتكەلىق تولدى،
خەلقىمىزنىڭ يۇرىگى.

تۇزۇپ بەرگەچ ماۋجۇشى،
ئەنگاڭ شيەنفاسىنى.
هەيۋەت بىلەن ئاققۇزدۇق،
سانسىز پولات دەرياسىنى.

جاراڭلاتتى ۋىشىڭىمىز،
بەختىمىز ناۋاسىنى.
ئاڭلىدى ئايدىن جاهان،
غەلبىمىز ساداسىنى.

ئىجرا قىلدۇق تەۋرەنمەي،
پارتىيە لۇشيەنىنى.
قوغدىدۇق جاننى تىكىپ
بەختىمىز گۇلشەنىنى.

تارمار قىلدۇق، گۇم قىلدۇق،
توت ئاپەتنى ـ ۋابانى.
گۇل-چىچەككە چومدۇردۇق،
ئانا ۋەتەن جۇڭخۇانى.

ئىشقا ئاشتى تەلتۇكۇس،
ماۋجۇشىنىڭ ئارمانى.
ئورۇنلىدى خەلقىمىز
داهى تۇزگەن گۇيخۇانى.

يىڭى جەڭگە ئاتلاندۇق،
بولۇپ دەۋر پەلۋانى.
شان كەلتۇرىمىز ۋەتەنگە
تاڭ قالدۇرۇپ دۇنيانى.

ئۇلۇغ داهىدۇر بىزنىڭ،
بەختىمىزنىڭ باغۋەنى.
دىلدا مەڭگۇ ياشايدۇ،
بولغاچ ئەل قەدىردانى.

تارىخ بابىدا پارلار،
داهى توهپىسى ـ شانى.
قەلبىمىزدە ئۇنتۇلماس
ماۋجۇشى دىگەن نامى.

# جاۋزىياڭ زۇڭلى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ يۇرتىدا

(ئەدەبىي ئاخبارات)

سۇلايمان ھابىل، ئابلا ئەخمىدى

1

1983- يىلى 10- ئاۋغۇست.

ھاۋا شۇنداق ئوچۇقكى، زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت پارچىسى كورۈنمەيدۇ. تېخى ئەمدىلا قوزا چۈش بولغىنىغا قارىماي، ئەتراپ تونۇردەك قىزىپ كەتكەن. شامالدىن قىلچە دېرەك يوق. ئۈچ تەرىپى تاغ، قارا چىلان تۇپىلىك ۋە بوك-باراقسان تېرەك، سوگەتلەر بىلەن ئورالغان موللام بېغى مەھەللىسى شۇنداق تىنجىقكى، نەپەس ئالماقمۇ تەس.

بوش ۋاقىتلىرىدا موللام تېغى باغرىغا جايلاشقان ئازنا مىچىت ئالدىدىكى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان دەرەخلىك سەيناغا يىغىلىپ، ئوتكەن-كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە ئوز ئارا مۇڭدىشىشنى ئادەت قىلىۋالغان موللام بېغى دىخانلىرىدىن ئون نەچچەيلەن بۈگۈنمۇ ئەشۇ ئادىتىنى تەكرارلاشقان ئىدى: ئۇلار ئىككىدىن، ئۈچتىن بولۇشۇپ دەرەخلەرگە يولەنگەن، «زەر بۇلاق» ئېرىقى بويىدا زوڭزايغان ھالدا تازا قىزغىن پاراڭ سوقۇۋاتقاندا، ئۈژمىلىك كوچا تەرەپتىن ئاپتوموبىل ماتورىنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى كەلدى. ئۇلار پارىڭىنى توختىتىپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراشتى. قىزىق ئىش، ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى بولكىۋاي بولۇپ، سانى ئوندىن كەم ئەمەس ئىدى.

— نىمە دىگەن جىق ئاپتوموبىل-ھە؟

— شۇنى دىمەملا!

— قەيەردىن كەلگەن مىھمانلاردۇر؟

— ئاخشام: "مەركەزدىن مېھمان كېلىمىش" دىگەن گەپ بولۇۋاتاتتى. شۇلار بولمىسۇن يەنە؟

— .........

"ھەزرىتى موللام مازىرى"— ئېلىمىزنىڭ 11- ئەسىردە ئوتكەن ئۇلۇغ ئالىمى، «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن بۇيان، بۇ يەرگە كېلىپ-كېتىدىغان ئادەم ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كوپىيىۋاتاتتى. بىراق، بىر قېتىمدىلا مۇنچە كوپ ئاپتوموبىلنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

دىخانلار ھەم ھەيران بولۇشقان، ھەم قىزىق-

قان هالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئەدەپ بىلەن بىر چەتكىرەك ئۆتۈشتى.

ئاپتوموبىللارنىڭ ئالدى مىچىت ئالدىدا، ئاخىرى موللام بېغى مەھەللىسىنىڭ ئاخىرىدا توختاشتى. ئاپتوموبىللارنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، قاچان، قەيەردىدۇر كۆرگەن تونۇش چىرايلار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا، يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ، چىرايلىرىغا كۈلكە ياماشتى.

«ئۇلارنى زادى قاچان، قەيەردە كۆرگەن؟» بۇ سوئاللارغا ئۇلارنىڭ قەلب كۆزلىرى جاۋاپ بەردى:

«توغرا، ئىلگىرى ئۇلارنى كىنو، تىلىۋىزور ئېكرانلىرىدا، گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىدە كۆرگەن ئىدىڭ، مانا ئەمدى بوسۇغاڭدا كۆرۈۋاتىسەن!...»

موللام تېغى (تاشبالىق) ھاياجاندىن قەددىنى كېرىپ، بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇشاللىنىپ، ياڭراق سادا قىلدى:

ئەي مەھمۇت، جاۋزىياك زۆكىلى سېنى يوقلاپ كەلدى!

«زەر بۇلاق»، «چۇشمە زىلال»، «هاي-هاي تېرەك» خۇشال-خۇرام ناۋا قىلدى:

ھارمىغايسىز، قەدىردان زۆكىلى! قەدىمىڭىز مۇبارەك!

جاۋزىياك زۆكىلى— بۇ تونۇش ئىسىم، بۇ تونۇش ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانا يۇرتى ئوپالدا، ھەتتا ئۇنىڭ مەق-

بەرىسى يېنىدا پەيدا بولۇشى دەسلەپ ھېلىقى ئون نەچچە كىشىنى پۈتۈنلەي مەڭدىتىپ قويدى. كېيىن ئۇلار تەكرار-تەكرار سەپ سېلىپ قاراپ، جاۋزىياك زۆكىلىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئون نەچچە قەدەملا نېرىدا — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھوكۇمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەت، تەن يۈلىن قاتارلىق يولداشلار بىلەن يانمۇ-يان تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، ئاخشام ئاڭلىغان مىش-مىش گەپلەرنىڭ پۈتۈنلەي راست ئىكەنلىكىگە چىن يۈرىكىدىن تەن بېرىپ، خۇشاللىقتىن تېرىسىگە پاتماي قېلىشتى ۋە ئۆز رەھبەرلىرىگە بولغان ھۆرمەت-ئېھتىراملىرىنى ئىپادىلەشكە ئالدىراپ، ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىشتى. جاۋزىياك زۆكىلى ۋە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن پارتىيە، ھوكۇمەت رەھبەرلىرىمىزدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سېكرېتارىياتىنىڭ دائىمى سېكرېتارى خۇچىلى، كاندىدات سېكرېتارى خاۋجىيەنشيۇ قاتارلىق يولداشلار ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى ۋە قوللىرىنى يەڭگىل پۇلاڭلىتىپ، جاۋابەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئاندىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى، مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ سابىق ۋالىسى مامۇتوپ قۇربانىنىڭ يول باشلىشىدا، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مەھمۇت قەشقەرى دەپىن قىلىنغان توپىلىككە قاراپ يول ئېلىشتى.

2

توپىلىك — شەرقىي شىمال، شەرقىي جەنۇپ تەرەپلىرى باغ-ۋارانلىق كوجۇم مەھەللە، ياپيېشىل ئېكىنزار، قاتار-قاتار ئورمانلار بىلەن ئورالغان قارا چىلان توپىلىك! توپىلىكنىڭ شىمال تەرىپىدە گويا ئەشۇ توپىلىككە مۇئەككەل بولۇپ تۇرغان ئوت ئەژدىھادەك شەرقتىن

غەرپكە قاراپ سوزۇلۇپ ياتقان موللام تېغى. غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇپ تەرەپلىرىدە قەدىمىي شەھەر، قەدىمىي قورغانلار، قاراخانىلار سۇلالىسى ئوردا ئەھلىنىڭ ئىستىرا ھەتگاھى سۇلتان بېغى خارابىلىرىنىڭ ئىزلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ خارابە ئىزلىرىدىن يىراقتا ئاقباش پامىر گويا ئۇزۇندىن-ئۇزاق-

قا سوزۇلغان تەبىئىي سېپىلدەك مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرىدۇ.

ئەنە شۇ توپىلىككە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مۇبارەك جىسمى دەپىن قىلىنغان!

جاۋزىيالىق زۇڭلى قاتارلىق رەھبەرلەر تېرەك، جىگدە دەرەخلىرى قويۇق سايەتاشلاپ تۇرغان قىيالىقتىن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن يۇقۇرى كوتىرىلىپ، "هاي-هاي تېرەك" ئاستىدىكى "چەشمە زىلال" بويىدا بىر-ئىككى مىنۇتلا توختاشتى-دە، تېخىمۇ يۇقۇرىغا — "هەزرىتى موللام مازىرى" غا قاراپ يول ئېلىشتى ۋە مۇنارلىق دەرۋازىدىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان تاملىرى شورىداپ كەتكەن، شەرققە قارىغان پىشايۋانلىق ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدە ئەسىرلەردىن بۇيان تالىپلار، تاۋاپچىلارغا ئېتىكاپخانا ئورنىدا خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئاددىيغىنا گۇمبەز، ئوڭ تەرىپىدە، شەرق تەرىپى ۋادەك بىلەن ئېھاتە قىلىنغان مەقبەرە ۋە بىر ئايۋان، بىر تىلاۋەتخانىدىن تەركىب تاپقان مازار ئالدىدىكى سەيناغا يېتىپ كېلىشتى. ۋادەك ئالدىدا توختاپ، مازار توغرىسىدىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. ئاندىن، مازارنىڭ كىچىككىنە ئىشىكىدىن ئىچكىرىگە قەدەم باستى. بۇچاغدا،گويا بۇيەردىكى هەممە نەرسە تىلغا كىرىپ، خەلقىنىڭ زۇڭلىسىغا هورمەت بىلدۇردى:

— خوش كەپسىز، قەدىردان زۇڭلى! سىز خەلقىنىڭ ئالىمىغا بولغان يۈكسەك هورمىتىڭىز بىلەن، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلاشنى دولەتنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى قاتارىغا قويۇپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىن — پايتەختىمىز بېيجىڭدىن بۇ خارابىگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز. رەخمەت سىزگە!

— ئىخ، قەدىردان زۇڭلى! — دىدى ئۇلار يەنە هاياجان بىلەن، — قارا خانىلار سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربىي دىياردا ئاسمان-زېمىن ئۆزگۈرۈشلەر بولدى: جاھىل تەبىئەتنىڭ هۇجۇمى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى نىزا، قىرغىنچىلىق هەشەمەتلىك شەھەر-قورغانلارنى خارابىغا، جەننەتتەك گۈزەل باغۇ-بوستانلارنى هۇقۇش چىللايدىغان چول - جەزىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇتنىڭ ئانا يۇرتىمۇ ئەنە شۇنداق تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى! ...

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسەرى — «تۈركى تىللار دىۋانى» پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولۇپ، جاھان توركولوگلىرىنىڭ دىققەت نەزىرى «دىۋان» تەتقىقاتى ئۈستىگە مەركەزلەشكەن يىللاردا، مەھمۇتنىڭ ئەۋلاتلىرى بۇ ئۇلۇغ ئىشقا يېقىنمۇ يولىيالمىدى... ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە،هوكۇمەتنىڭ غەمخورلىقىدا بۇ ئىش دەسلەپكى قەدەمدە قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەنتايىن سول سىياسەت تۇپەيلى، بوشۇگىدىلا تۇنجۇقۇپ كەتتى. ياۋۇز "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغان، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نوۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مىللى سىياسىتى يېڭىۋاشتىن نۇر چېچىپ، ئىلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتقان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ 11- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يازغان نادىر ئەسىرى — «تۈركى تىللار دىۋانى» نى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىش ئىشى يېڭىۋاشتىن قولغا ئېلىندى ۋە قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇنىڭ 1 - تومى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كورۈشۈپ، دوستلارنى خۇشال، دۇشمەنلەرنى لال قىلدى. «دىۋان» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى هەققىدىكى ئىزدىنىش — تەتقىقاتنىڭ

چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جاھان تۈركولوگلىرى ئالدىدا يېشىلمەس سىر بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە تەلتوكۇس ئايدىڭلاشتى: ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەقبەرىسى ئۇنىڭ ئانا يۇرتى — ئوپالنىڭ ئازىق كەنتى يېنىدىكى توپىلىكتىن تېپىلدى! ئالدىڭىزدا تۇرغان مۇشۇ مەقبەرە — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى! بىزگە ئايانكى، سىزنىڭ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشتىكى مەقسىدىڭىز ئېلىمىز تۈركولوگلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ، بۇ نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىغا تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت!...

جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى جايلاشقان خانىغا كىرىپ كەلدى. خانىنىڭ جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 6 — 7 مېتىر، شەرقتىن غەرپكە كەڭلىكى 4 — 5 مېتىر چامىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىنى باش-ئاياغ تەرىپى قىزىل، گەۋدىسى توق يېشىل سىر بىلەن سىرلانغان مەقبەرە سۇپىسى ئىگەللىگەن. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە شۇ قەدەر كونا، شۇ قەدەر ۋەيرانە، قارىماققا ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ناھايىتى پاكىزە ئىدى. خانىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە بويى 4 — 5 مېتىر، ئېنى ئاران بىر مېتىر كېلىدىغان تار قاپچۇغاي بولۇپ، جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئەنە شۇ قاپچۇغايدا قىستىلىشىپ تۇرۇپ، مەقبەرە ۋە خانىنىڭ تام — تورۇسلىرىغا چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تىكىلىشتى. قەدىمي ئۇيغۇر مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ھەر بىر بەلگىسىنى زور قىزىقىش بىلەن تاماشا قىلىشتى...

خانا ئىچى شۇنداق تىنچىق ئىدىكى، ئادەمنىڭ دىمى سىقىلىپ، نەپەس ئالماقمۇ تەس. بىراق، جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىنىڭ چىرايىدىن قىلچە بىئاراملىق ھېس قىلىنغانلىق ئىپادىسىنى تاپقىلى بولمايتتى!

جاۋزىياڭ زۇڭلى ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى:

— بۇ مەقبەرە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىلەر؟

مازارنىڭ شەيخى خانىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى پاراماناسلارغا يېزىلغان خەتلەرنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئەشۇ خەتلەر ۋە ئاتا — بوۋىلىرىنىڭ ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا يەتكۈزۈشنى تاپىلاپ ئېيتىپ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن بىلىدىغانلىقىنى؛ بىراق ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلى، مازار تارىختا كۆپ قېتىم ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، تەكرار — تەكرار رېمونت قىلىنغانلىقى ياكى قايتا ياسالغانلىقى، مازارنىڭ ھازىرقى تۈرقى مۇندىن 159 يىل ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى تەمىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

جاۋزىياڭ زۇڭلى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، جەگلەرگە كىملەر تەرىپىدىندۇ يېزىلغان ئىمىر — چىمىر خەتلەرگە خېلى ئۇزۇن سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئاندىن:

— خەتلەر بەك جىق ئىكەنغۇ؟ — دېدى.

— بۇ خەتلەر بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەنلەر تەرىپىدىن يېزىلغان، — دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمايىل ئەھمەت، — بىزدە يىراق جايلارغا بېرىپ، مازار — ماشايىق، ئاسارە — ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، زىيارەتگاھنىڭ تام — تورۇسىغا كىم قاچان، قەيەردىن كېلىپ زىيارەت قىلغانلىقىنى يېزىپ قويىدىغان ئادەت بار.

— بۇ ئادەتلار بىزنىڭكىگە ئوخشايدىكەن.

جاۋزىياڭ زۇڭلىنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننى ئىختىيارسىز كۈلدۇرۋەتتى.

كۆلكە بېسىلغاندىن كېيىن، جاۋزىيالىق زۆكلى جىددى تەلەپپۇزدا سورىدى:

بۇ مەقبەرە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىكەنلىكىگە قانداق ئاساس بار؟

— مۇنداق ئۈچ ئاساس بار، — دەپ ئىزاھلىدى يولداش مامۇتوپ قۇربان، — بىرىنچى، ئالىم ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا " قەشقەرى " دېگەن سۆزنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن؛ شۇنداقلا «تۈركى تىللار دىۋانى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 1 - تومىدىكى " ئوپال "، " ئازىغ " دېگەن سۆزلەرگە: " بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ نامى " دەپ ئىزاھات بېرىش ئارقىلىق، قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىغا 47 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ئەسكەرتكەن. ئازىق كەنتى بۇ يەرگە نەچچە يۈز مېتىرلا يىراقتا. ئىككىنچى، ئەسىرلەردىن بۇيان، مازارنىڭ شەيخلىرى ئۆز ئەۋلاتلىرىغا: " بۇ مەقبەرە — مەۋلانا شەمسىددىن مەھمۇد ئىبنى ھوسەيىننىڭ مەقبەرىسى " دەپ تونۇشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ يەردىكى " مەۋلانا " سۆزى " ئالىم " دېگەن مەنانى بىلدۈرسە، " شەمسىددىن " " سۆزى " دىنىنىڭ قۇياشى " دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزلەر ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۇنۋان تەرىقىسىدە قوللىنىلغان. " مەھمۇدىيە " ئالىمنىڭ ئىسمى ۋە ئەخلاقىغا قارىتىلغان. " ھوسەيىن " ئالىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى. شەيخلەر بۇ مازارنى ئىزچىل ئەسلى نامى بىلەن ئاتاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، خەلق ئاممىسى " ھەزرەت "، " موللام " دېگەندىن ئىبارەت ئۇلۇغلاش مەنىسىدىكى ئىككى سۆز بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە. ئۈزىيۆر تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، " مەۋلانا " سۆزى كېيىنچە " موللام " بولۇپ ئۆزگەرگەن. ئۈچىنچى، قەشقەرنىڭ 18 - ئەسىردىكى قازىسى موللا سادىق ئىلەم شاھ ئەلا ئاخۇنۇمنىڭ مۇندىن بىر يۈز ئەللىك ئىككى يىل بۇرۇن نۇرغۇن ئالتۇن سەرپ قىلىپ سېتىۋالغان « مەسنىۋى شېرىپ » ناملىق كىتابىنى " قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدىكى تاغ باغرىدا، چەشمە زىلال سەھنىسىگە دەپىن قىلىنغان مۇسەننىپ ئىرپان (ئەدىب، ئىلىم ئىگىسى) ھەزرەت موللام شەمسىددىن ئىبنى ھۆسەيىن ساھىپ قەلەم ( قەلەم ئىگىسى ) مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا ۋەخپى مۇتلەق " قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ھوججەت بۇ نوقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ ھوججەتكە " مەھمۇت قەشقەرى " دېگەن نامنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكى — مۇندىن بىر يۈز ئەللىك يىل ئىلگىرى خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ مازارنى " مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى " دەپ ئاتايدىغانلىقى، " ھەزرىتى موللام مازىرى " دەپ ئاتاش — يېقىنقى يىللاردىكى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مامۇتوپ قۇربان چۈشەندۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان جاۋزىيالىق زۆكلى:

— « دىۋان » دىكى مەلۇمات، مازارنىڭ شەيخلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېسىدە ساقلانغىنى ۋە مازارغا كىتاب ۋەخپى قىلىش توغرىسىدىكى ھوججەتتىكى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، بۇ مەقبەرىنى: " مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى " دەيدىكەنسىلەر - دە؟ — دەپ تەكرارسورىغان ئىدى، ئىسمائىل ئەھەت، مامۇتوپ قۇربان قاتارلىق يولداشلار بىر ئېغىزدىن:

— ھەئە، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

جاۋزىيالىق زۆكلى قانائەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، يەڭگىل باش لىڭشىتىپ قويدى.

3

جاۋزىياك زۇكلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى خانىدا يېرىم سائەت چامىسىدا تۇرۇپ، ئۇيەردىكى نەرسىلەرنى ئىشتىياق بىلەن كوزدىن كەچۈرگەن ۋە مۇناسىۋەتلىك تونۇشتۇرۇشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ، مەقبەرە كورۇنۇپ تۇرغان ۋادەك ئالدىدا يەنە بىر قېتىم توختاپ، بۇ قەدىمي زىيارەتگاھنىڭ تام ـ تورۇسلىرى، ھەربىر تۇۋرۇك، ھەر بىر شادىسىغا تەكرار ـ تەكرار سەپ سالدى. ئاندىن سولغا بۇرۇلۇپ، سەينانىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى ئىشىك ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان لاي ئەگمىدىن ئوتۇپ، نەينى زاماندا مەھمۇت قەشقەرى ياش نەۋلاتلارنىڭ قەلب بوستانىنى ئىلىم ـ ئىرپان سۇيى بىلەن سۇغارغان مەكتەپ — "مەدرىس مەھمۇدىيە" نىڭ خارابىسى ئۈستىگە يېتىپ كېلىشتى. تەبىئىكى، بۇ يەردە قاندا قتۇر مەدرىسنىڭ خارابىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە قۇمۇش ـ يانتاقلار ئۇنۇپ كەتكەن شورتاڭ دومبەلەر، كىملەر تەرىپىدىندۇر قالايمىقان كولانغان ئازگاللار كوزگە تاشلىناتتى.

جاۋزىياك زۇكلى بىردىن قەدىمنى توختاتتى. كوزلىرى بولسا، يىراق ـ يىراقلارغا تىكىلگەن ئىدى.

بۇ كوزلەر ئۇ يەرلەردىن نىمەلەرنى ئىزدەيدىكىنە ؟

ئېھتىمال، بۇ كوزلەر قەدىمي شەھەر يار قورغان، توققۇز قازناق خارابىسى ۋە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى تۇرك قەۋمىنىڭ يۇكسەك پەن ـ مەدەنىيىتىنى پۇتۇن ئالەمگە نامايان قىلىش مەقسىدىدە، جاھانكەزدىلىك سەپىرىنى باشلىغان ۋە ئاخىرلاشتۇرغان چىمگەن، بورە توقاي يايلاقلىرى، مۇرغ يولى، مۇرغ قورولىنى ئارىلاپ، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بۇ سەپەردە تارتقان جەۋرى ـ جاپالىرى ۋە ئاجايىپ باتۇرلىقىنى كورۇۋاتقاندۇ ؟!

ياق! بۇلا ئەمەس، بۇ كوزلەر يەنە كەلگۇسىدە ئەشۇ جايلاردا قەد كوتەرگۇسى ئاجايىپ كوركەم بىنا ـ قەسىرلەر، ئاجايىپ گۇزەل چار باغلارنى كورمەكتە!

بۇ كوزلەر يەنە ئەشۇ قەسىرلەر، ئەشۇ چار باغلاردا قاينىغان يېڭى ھاياتنى كورمەكتە !!!

..................

جاۋزىياك زۇكلى نەزىرىنى يولداشلارغا ئاغدۇرۇپ:

— ئۇ (مەھمۇت قەشقەرى — ئاپتور) تارىخمۇ يازغانمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

— يازغان، لېكىن ھەرخىل سەۋەپلەر تۇپەيلى، بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، دىگەن قىياسلار بار، ـ دىدى بىرەيلەن جاۋابەن، ـ «دىۋان» دا تارىخقا نائىت نۇرغۇن مەلۇمات بار. بۇ نوقتا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تارىخ ساھەسىدە چوڭقۇر بىلىملىك كىشى ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ.

— ئۇبدان ئۇگىنىپ، ياخشى تەتقىق قىلىش كىرەك، ـ دەپ تەكىتلىدى جاۋزىياك زۇكلى ۋە ئۇلاپلا سورىدى، ـ بىر پارچە تارىخ كىتاپ بار ئىكەن، ئۇنى كىم يازغان ؟

— قايسى كىتاپ بولغىيدى؟

گەپنىڭ قايسى كىتاپ ئۇستىدە كېتىۋاتقانلىغىنى دەرھال ئاڭقىرالمىغان كوپچىلىك بىر ـ بىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىشتى. راستىنى ئېيتقاندا، ھېچكىممۇ مۇنداق سوئالنىڭ سورىلىشىنى كۇتمىگەن ئىدى. شۇڭا، ھەممە كوزلەر ھاياجاندىن چاقنىدى، ھەممە چىرايلارغا قىزىللىق يامرىدى.

بۇ ھالنى سەزگەن جاۋزىياك زۇكلى قىسقى-

ىمنا خىيال سۈرۈۋاتقاندىن كېيىن،

— نىمە ھەيدەر؟ - دەپ كەينى -كەينىدىن ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

كوپچىلىك يەڭگىل نەپەس ئېلىشتى. چىراي-لاردا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. بىرەيلەن:

— مىرزا ھەيدەر كوراگەنمىكىن؟ - دىگەندە، جاۋزىياك زۈگىلى دەرھال باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى:

— ھە ئەشۇ.

— ئۇ، مىلادى 1514 - يىلدىن 1679 - يىلىغىچە يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر پادىشاسى سۇلتان ئابدىرىشىتخان ھەققىدە «تارىخىي رەشىدىيە» دىگەن كىتاپنى يازغان.

— شۇنداق.

— ………………

ئۇلار ئەشۇنداق پاراڭلاشقاچ، پەسكە - "چەشمە زىلال" بويىغا چۈشۈشتى. جاۋزىياك زۈگىلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى "ھاي - ھاي تېرەك" ئاستىغا سېلىنغان بىسات ئۈستىگە تەكلىپ قىلىندى.

جاۋزىياك زۈگىلى بۇ يەردىكى ھېچنەرسىنى نەزىرىدىن چەتتە قالدۇرمايتتى. ئۇ، قوغۇن - تاۋۇزغا تېغىز تەككەچ، "ھاي - ھاي تېرەك" نىڭ قوۋزىقى ئاقلىنىپ كەتكەن تېنىسىگە بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئاندىن:

— بۇ نىمە بولغان؟ - دەپ سورىدى.

— مەھمۇت قەشقەرى چەتئەلدىكى سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىنكى تۇنجى ئەتىيازدا، - دەپ چۈشەندۇردى كونسېر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئىسمائىل ئىبرايىم، - مۇشۇ تېرەكنى ئۆز قولى بىلەن تىككەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېرەك قۇرۇپ، قوۋزىقى توكۈلۈپ كەتكەن. ئۇندىن باشقا، خەلقىنىڭ ئا-لىمغا بولغان چەكسىز سېغىنىشى ۋە دىنىي تۇس ئالغان چوڭقۇر ئېتىقادى بۇ تېرەكنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن، - ئىسمائىل ئىبراھىم ماۋۇ-لارنى ئالاھىدە سوزلەپ بەردى، - يىراق - يېقىندىن زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەر مازارنى تاۋاپ قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، بۇيەردىن ئايرىلىش ئالدىدا مۇشۇ تېرەكنىڭ قوۋزىقىدىن ئازراق سويۇپ، شىپالىق دورا سۈپىتىدە ئېلىپ كېتىشىدۇ، مۇشۇن-داق ئادەت ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەچ، تېرەكنىڭ قوۋزىقى تۈگەپ، تېنىمۇ قۇرۇپ كەتكەن. مويسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، مانا بۇ تېرەكلەر "ھاي - ھاي تېرەك" نىڭ يىلتىزىدىن كوكلەپ چىققان ئىكەن.

جاۋزىياك زۈگىلى ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، "چەشمە زىلال" بويىدا "ھاي - ھاي تېرەك" كە ياندىشىپ بوك - باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن تېرەكلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، يولداش مامۇتوپ قۇربان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە ئائىت بىر كىتاپچىنى جاۋزىياك زۈگىلىغا ئۇزات-قان ئىدى، ئۇ، كىتاپچىنى قولىغا ئېلىش بى-لەنلا، ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

مامۇتوپ قۇربان ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمە نامىدىن دوكلات قىلىپ، بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى ئارخېئولو-گىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى ھەمدە تارىخىي مەدەنى يادىكارلىق سۈپىتىدە قوغداش دائىرى-سىگە كىرگۈزۈلگەن يەر كولىمى، شۇنداقلا مەھ-مۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىنى قايتا ياساش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قۇرۇلۇشلارنى قە-دەم - باسقۇچلۇق ھالدا، ھەر يىلى ئاز - ئاز-دىن ئېلىپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيت-قاندا، جاۋزىياك زۈگىلى قانائەتلەنگەن ھالدا:

— ياخشى بوپتۇ، - دىدى.

4

جاۋزىياڭ زۇڭلى قاتارلىق پارتىيە، هوكۇمەت رەهبەرلىرىمىزنىڭ «هەزرىتى موللام» غا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خۇشخەۋەر مەهمۇت قەشقەرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرت ـ ئازىق كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، هېچكىمنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. خولۇم ـ خوشنىلار بىر ـ بىرىگە خوشخەۋەر ئۈستىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، خا پۇتى، خا ئاغزى ئارام ئالمىدى:

ـ جاۋزىياڭ زۇڭلى «هەزرىتى موللام» غا چىقىپتۇ!

ـ راستمۇ؟

ـ راست بولماي! ......موللام بېغى مەهەللىسىكلەردىن ئون نەچچە كىشى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ! ......

ـ ۋاي ئىست، بىز نىمىشقا ئۇقماي قالغاندۇق! ......

ـ شۇنچە يوغان باشلىق ئەجەپ هېچقانداق داۋراڭ قىلماي، غىمسىدە كەپتۇ ـ يا؟ هېچبولمىسا، قارشى ئالغىلى چىققان بانادا بىر كۆرۈۋالماپتۇق ......

ـ شۇنى دېمەمدىغان!

ـ موللام بېغىمەهەللىسىكلەر قانداق كۆرگەندۇ؟

ـ باشلىقلار كەلگەن چاغدا، ئۇلار شۇ يەردە كەپلىشىپ تۇرۇشۇپتىكەن.

ـ هەيدىۋەتمەپتىمۇ؟

ياق. جاۋزىياڭ زۇڭلى تېخى ئۇلارغا سالام قىپتۇ!

ـ توختاڭلار، ئۇنداق بولسا، بىزمۇ تاستا موللام بېغى مەهەللىسىگە بېرىپ، زۇڭلىنىڭ «هەزرىتى موللام» دىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلىمۇ؟

ـ توغرا، شۇنداق قىلايلى!

بۇ يەردە ئىككى، ئۇ يەردە ئۈچ ئادەم ئەنە شۇنداق چوت سوقۇشۇپ، موللام بېغى مەهەللىسىگە قاراپ ئېقىشتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي، «كارخانا يولى» بويلاپ يىلان باغرى بولۇپ ئېقىۋاتقان «چەشمە زىلال» ئېرىقى بويىغا جەم بولغان ئادەم بىرەر يۈزگە يەتتى. ئۇلار بىرلا نوقتىغا ـ «هاي ـ هاي تېرەك» سايە تاشلاپ تۇرغان سەيناغا چوڭقۇر هاياجان ۋە سۈكۈت ئىچىدە تىكىلمەكتە ئىدى ......

ئەنە، جاۋزىياڭ زۇڭلى قاتارلىقلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار قەدىمىنى هەر بىر يوتكىگەندە، ئۇلارغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان كوزلەردە هاياجان ئوتلىرى چاقناپ، يۈزلەردە تەبەسسۇم جىلۋە قىلادى.

بۇ هاياجان ـ تەقەززالىق ئىچىدىكى هاياجان!

بۇ تەبەسسۇم ـ هاياجانلىق ئىچىدىكى تەبەسسۇم، بەخت قۇچىغىدىكى تەبەسسۇم!

مەهمۇتنىڭ يۇرتداشلىرى ئۆز رەهبەرلىرىدىن كوز ئۈزمەي، ئۇلارنىڭ قەدىمىنى سانايتتى:

«بىر ... ئىككى ... ئۈچ ... »

مەهمۇتنىڭ يۇرتداشلىرى ئۆز رەهبەرلىرىدىن كوز ئۈزمەي، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى هىساپلايتى:

«ئوتتۇز قەدەم ... يىگىرمە قەدەم ... ئونبەش قەدەم ... »

مانا، ئاران بەش قەدەملا ئارىلىق قالدى!

تونۇش قامەت، تونۇش چىرايلار!

دىل ئاپاراتى ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى:

«يولداش جاۋزىياڭ، خۇچىلى، خاۋجيەنشيۇ، ۋاڭ ئېنماۋ ... »

يولداشلار ! ياخشمۇ سلەر ؟

يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا بىلدۇرگەن ئېھتىرامى، هاياجانىدىن زەنجىرلەنگەن تىللارنى بىراقلا سايرىتىۋەتتى :

ياخشى !

بۇ جاۋاپ يىراق - يىراقلاردىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، ئەتراپقا جان كىرگۈزىۋەتتى.

تەرجىمان يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ :

— جاۋزىياڭ زۇڭلى سلەرنى يوقلىغىلى كەلدى ، -دىگەن سوزىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان چاغدا ،يۇزلىگەن ئالىقانلاردىن ياڭرىغان ئالقىش ساداسى گويا بايرامنىڭ پوجاڭزىسىدەك ،بۇ قەدىمىي ماكاننى لەرزىگە كەلتۇرىۋەتتى.

جاۋزىياڭ قاتارلىق يولداشلارمۇ بۇ تەنتەنىگە ئورتاقلىشىپ ' قىزغىن چاۋاك چېلىشتى .

چاۋاك توختىغاندا، دىخانلار رەھبەرلەرنى چورىدىشىپ بولغان ئىدى. " توگمىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق » دىگەندەك، كىچىك باللار قىلچەتارتمىنىش هەس قىلماستىن، هېلى ئۇ رەھبەرگە، هېلى بۇ رەھبەرگە سۇۋىشىپ يۇرەتتى . ئۇزىگە تونۇش چىرايلارغا سىنچىلاپ قارايتتى .

جاۋزىياڭ زۇڭلى بىر ئوغۇل بالىنىڭ بېشىنى سلاپ، ئىڭىكىنى ئەركىلىتىپ قويدى. بالا خۇشاللىغىدا تەگتۇشلىرىغا قاراپ يېقىملىق هىجايدى،

يولداش خاۋجيەنشىۋ ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنىڭ بېشىنى سلاپ تۇرۇپ :

— ئەجەپ بودرۇق قىز ئىكەن ، - دىگەن ئىدى، قىز گويا ئوز ئانىسىغا ئەركىلەۋاتقاندەك تاتلىق كۇلۇمسىرەپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۇۋاشتى.

تەنتەنە داۋام قىلماقتا !

جاۋزىياڭ زۇڭلى دىخانلارغا قاراپ :

— يىمەك - ئىچمەك مەسىلەڭلار هەل بولدىمۇ ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ:

— قوسىغىڭلار تويدىمۇ؟ - دەپ تەرجىمە قىلدى.

دىخانلار بىر ئېغىزدىن :

— تويدى !

— تويدىغان بولدى !- دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

جاۋزىياڭ زۇڭلى ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ ، يەڭگىل باش لىڭشىتىپ قويدى ۋە ياندۇرۇپ سورىدى :

— بۇ يىل مەھسۇلاتىڭلار ئاشقاندۇ؟

— ئاشتى !

دىخانلار ئوزلىرىنىڭ پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەهۋالىنى چوڭقۇر هاياجان، چەكسىز ماختىنىش هىسسىياتى بىلەن قىسقىچە دوكلات قىلدى.

— ئوبدان بوپتۇ ، - دىدى جاۋزىياڭ زۇڭلى مەمنۇنىيەت ۋە رازىمەنلىك بىلەن كۇلۇمسىرەپ ، - داۋاملىق تىرىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبدان شۇغۇللىنىپ ، تۇرمۇش سەۋىيەڭلارنى يەنىمۇ يۇقۇرى كوتىرىڭلار .

— ............

جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ هەمراھلىرى دىخانلار بىلەن خوشلىشىپ ، يولغا چۇشۇشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، توپال گۇڭشې پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يولداش كېرىم قاسىم ئۇلارنى مەهمۇت قەشقەرى تۇغۇلغان كەنت — ئازىق كەنتىنى ئارىلاپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى ، جاۋزىياڭ زۇڭلى خۇشاللىق بىلەن:

—ماقۇل ، - دىدى .

5

جاۋزىياڭ زۆكلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ئوپال گۆكشى ئىدارىسىدىن چىقىپ كەلگەن چاغدا، ئوپال بازىرى قىزغىن بايرام تۈسىنى ئالغان ئىدى: مىڭلىغان دېخان ـ چارۋىچى، بازار ئاھالىسى، ئىشچى خىزمەتچىلەر تاشيولىنىڭ ئىككى ياقىسىغا تەرتىپلىك تىزىلغان بولۇپ، توختىماي چاۋاك چالاتتى.

جاۋزىياڭ زۆكلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىمۇ توختىماي چاۋاك چالاتتى!

جاۋزىياڭ زۆكلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى قىزغىن قول ئىشارىتى قىلىپ، ئامما بىلەن خوشلاشتى:

خوش، تۇققانلار!

خوش، مەھمۇتنىڭ يۇرتداشلىرى!

ئاممىمۇ قىزغىن قول ئىشارىتى قىلىپ، ئۆز رەھبەرلىرى بىلەن خوشلاشتى:

خوش، جاۋزىياڭ زۆكلى!

خوش، سۆيۈملۈك رەھبەرلەر!

ئامما ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبەرلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتتا، مۇندىن سەل ئىلگىرى گۆكشى ئىدارىسىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىدا بولۇپ ئۆتكەن سوھبەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ئۇلارنىڭ يۈرىگىدە يېڭى ھاياجان ئوتلىرىنى قوزغىماقتا ئىدى:

جاۋزىياڭ زۆكلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى يولداش كېرىم قاسىمنىڭ ئوپالنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىدى. تونۇشتۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، جاۋزىياڭ زۆكلى سوئال ئۈستىگە سوئال ياغدۇرۇۋەتتى. كېرىم قاسىم بىلەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى يولداش شىڭ ۋېيۋېن جاۋاپ بېرىپ ئۈلگۈرمەيتتى:

— ئاشلىق مەھسۇلاتىڭلار نېمىشقىتو. قانداق ئىستاتىستىكا قىلدىڭلار؟

— ئوما باشلىنىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك بوداپ چىققان ئىدۇق. ئىستاتىستىكا قىلىشتا، ئەزالارنىڭ ئىختىيارى ھالدا مەلۇم قىلغىنىنى ئاساس قىلدۇق.

— بۇنداق ئىستاتىستىكا قىلساڭلار بولمايدۇ، ئۆزگەرتىش كېرەك، — جاۋزىياڭ بۇ سوزلەرنى خېلى كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېيتتى، — مۇنداق قىلغاندا، ئىجتىمائى بايلىقنى ھەقىقىيوسۇندا ئىستاتىستىكا قىلغىلى بولمايدۇ.

جاۋزىياڭ زۆكلىنىڭ بۇ سەممىي تەنقىدى يولداشلارنى چىن دىلىدىن قايىل قىلدى…

داستىخانغا نان كەلتۈرۈلگەن چاغدا، جاۋزىياڭ زۆكلى ناننىڭ قانداق تەييارلىنىدىغانلىقىنى سورىدى ۋە بۇ سوئالى بىر قەدەر قانائەتلىنەرلىك جاۋاپقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. ئاندىن، ئىمىنىدۇر ئويلىغاندەك قوشۇمىسىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تۈرۈپ:

— داۋاملىق مۇشۇنداق ناننى يەيەلەيدىغان قانچە ئائىلە بار؟ — دەپ سورىدى، كېرىم قاسىم:

— گۆكشى بويىچە يۈزدەك ئائىلىنىڭ داۋاملىق مۇشۇنداق ناننى يېيىش ئىمكانىيىتى بار، — دېگەندە، جاۋزىياڭ زۆكلى يەنە بىر خىل ناننى كورسىتىپ:

— بۇندىغىنىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مىڭغا يېتىدۇ.

جاۋزىياڭ زۆكلى يەنە يېڭى سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى. كېرىم قاسىم ھەر بىر سوئالغا راستچىللىق بىلەن جاۋاپ بېرەتتى.

— قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر بارمۇ؟

— بار. گۆكشى بويىچە توتيۈزدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقى بار. لېكىن، ھەرقايسى

دادۇيدە ئەھۋال ئوخشمايدۇ.

— نىمە قيىنچىلىغى بار؟ توزۇقلۇق تاشلىق مەسلىسى ھەل بولغان ئەمەسمىدى؟

— ھەل بولغان. ئەمما، قارا ئاشلىغى كوپ، ئاق ئاشلىغى ئازراق.

كېرىم قاسىم بەگ ھاياجانلىنىپ كەتكەچمىكىن، ئوزى «قيىنچىلىق» دەپ ھېس قىلغان مەسلىلەرنى بىر - بىرلەپ سوزلەيتتى. جاۋزىياڭ زۇڭلى سەۋىرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلاتتى ۋە يېڭى مەسلىلەرنى ئىزدەپ، يېڭى - يېڭى سوئاللارنى سورايتتى:

— يېغىنچۇ؟

— بىزنىڭ بۇ يەردە ياغ كەمرى. لېكىن پۇل بولمىغاچ، ئېلىپ يېيەلمەيدۇ.

— نىمە ئۇچۇن قيىنچىلىغى بار؟

— بىرىنچىدىن، چارۋىسى يوق. ئىككىنچىدىن، «داشقازان تامىغى» يېگەن چاغلاردا بەك ئوزۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، تېخىچە توزىنى ئوڭشاپ بولالمايۋاتىدۇ.

— ئۇلار قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمامدۇ؟

— ياق.

جاۋزىياڭ زۇڭلى بۇ ئائىلىلەرنى ھاللاندۇرۇش مەسلىسى ئۇستىدە توختىلىپ، ئۇلارنى ھەر خىل قوشۇمچە كەسىپلەرگە تەشكىللەپ، ئىقتىسادىي كىرىمىنى كوپەيتىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلدى...

ماشىنىلار توپى ئۇزاتقۇچى ئاممىنى كەيىندە قالدۇرۇپ، بارغانسىرى شەرقىي - شىمالغا — قەدىمىي شەھەر قەشقەر شەھرىگە قاراپ ئوتتۇراھال تېزلىكتە ئىلگىرىلىمەكتە. ئايرىلىشپىراق نوتى بىلەن ئورتەنگەن يۇرەكلەر دېگىمىز سوييدەك دولقۇنلىماقتا. ھاياجان نوتلىرى چاقناپ تۇرغان كوزلەر ماشىنىلار بىلەن بەسلەشكەندەك، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇچماقتا.

ماشىنىلار ... ماشىنىلار ...... توختىساڭلارچۇ! ......

ماشىنىلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ھاياجان نوتلىرى يانقۇنلىغان يۇرەكلەردىن بىر ئورتاق سادا ئېتىلىپ چىقتى:

قەدىردان زۇڭلى، خاتىرجەم بولۇڭ! مەھمۇتنىڭ ئەۋلاتلىرى سىزنىڭ تاپشۇرغىنىڭىزنى چوقۇم ئورۇنلايدۇ! سىزنىڭ ئۇمۇدىڭىز — جانجان پارتىيىمىزنىڭ بىز ئۇيپال خەلقىدىن كۇتكەن ئۇمىدىنى جانپىدالىق بىلەن كۇرەش قىلىشتەك ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن ئاقلايدۇ! ...

ماشىنىلار توپى كوزدىن يىراقلاشتى. ئايرىلىش - پىراقنىڭ يالقۇنىدا ئورتەنگەن باغۇ - بوستانلار، ئېكىنزارلار، داللار، دەل - دەرەخلەر، گۇل - گىيالار ياڭراق ناۋا قىلدى:

خوش، قەدىردان زۇڭلى!

خوش، قەدىردان رەھبەرلەر!

ئەنە، باغرىنى قوياش نوتتەك قىزىتقان موللام تېغى. تاغ ئۇستىدە قوياشقا ھەمنەپەس بولغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ماشىنىلاردىن زادى كوز ئۇزمەستىن، خەلقنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئايرىلىشقا كوزى قىيمىغان ھالدا:

خوش، قەدىردان زۇڭلى! خوش، قەدىردان رەھبەرلەر! — دەپ ياڭراق نىدا قىلدى ۋە ئوزىنىڭ، جۇملىدىن ئوز ئەۋلاتلىرىنىڭ يۇرەك ئارزۇسىنى يەنە بىر قېتىم تەكرار ئىزھار قىلدى:

مەن ۋە مېنىڭ يۇرتداشلىرىم سىزنىڭ بۇ دىيارغا يەنە بىر قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى توت كوز بىلەن كۇتىمىز!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىق باشقارمىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى
ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ

# مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنى تەكشۈرۈش دوكلادى

مەھمۇت قەشقەرى مىلادى 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پامىر ئۇيغۇرلىرى تىلشۇناسى، ئۇ ھاياتىيالىرىدا ئاسىيا دائىرىسىدە ئۇزۇن مۇددەت ساياھەت قىلىش ئارقىلىق تۈركى خەلقلەر جايلاشقان رايونلاردا كۆپ مەزمۇنلۇق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مىلادى 1075 ـ يىلى «تۈركى تىللار دىۋانى» ( قەدىمى تۈرك تىلىدا ئاتىلىشى «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك» ) ناملىق نادىر ئەسەرنى باغدات شەھرىدە ئەرەپچە يېزىپ چىقىپ، تۈركى خەلقلەرنى دۇنياغا تونۇشتۇرغان.

1915 ـ يىلى تۈركىيىدە « تۈركى تىللار دىۋانى » نىڭ 13 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى مىخ مەتبەدە ئەينەن تىزدۇرۇلۇپ نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ « تۈركى تىللار دىۋانى » پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىدى ۋە ھەر خىل تىللاردا ئىزاھلاپ نەشر قىلىشقا يول ئېچىلدى. 1928 ـ يىلى گېرمانىيىدە نېمىسچىغا ئالفاۋىت تەرتىۋى بويىچە تىزىلغان ۋە نېمىسچە ئىزاھلانغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1941 ـ يىلى تۈركىيىدە تۈركچە ئىزاھلانغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1960 ـ يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزبېكچە ئىزاھلانغان نۇسخىسى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. يۇقارقى تەتقىقاتلارنىڭ ھېچقايسىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە توغرا ئىزاھات بېرەلمىدى، پەقەت 1980 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئىزاھلانغان نۇسخىسىلا ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردىكى خاتالىقلارنى تۈزەتتى.

1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىر سۇلتان ئوسمانوۋ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىدىن مۇھەممەت زۇنۇن، قەشقەر مىللى شىپاخانىدىن ئابدۇرۇشىت سابىت، قەشقەر كونىشەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىسمايىل ئىبراھىم قاتارلىق ئىلمىي خادىملار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە قەشقەر رايونىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قەشقەر كونىشەر ناھىيىسى ئوپال گۆكشىپىسىنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى « ھەزرىتى موللام مازىرى » دەپ ئاتىلىپ كەلگەن مازارنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى، دېگەن خۇلاسىغا كەلدى. 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام ( مەھمۇت قەشقەرى ) مازىرىنى ۋىلايەت تەرىپىدىن ئۇقتىملىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى ۋە ئۇنى ئاپتونوم

رايون، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە دوكلات سۇندى. 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2 ـ كاتىۋات ئىشخانىسى رەئىس ئىسمايىل ئەمەت قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى تەستىق يوليورۇغىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىق باشقارمىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى بىلەن بىرلىكتە مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنى تەكشۈرۈش ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى قەشقەر رايونىدا بىر ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق موزېي 1957 ـ يىلدىن بۇيان توپلاۋاتقان مەھمۇت قەشقەرى مازىرى توغرىسىدىكى ماددىي پاكىتلار ئاساسىدا مەزكۇر دوكلاتنى يېزىپ چىقتى.

※ ※ ※

ئوپال‒ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئىدى. بىزنىڭ بۇ جايدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىمىز 15 كۈن داۋام قىلدى.

ئوپال‒ قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەرپ تەرىپىدە، قەشقەر شەھىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتا. بۇ پامىر ئېتىكىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋالىق بىر يېزا. بۇ يېزىنىڭ غەرپ تەرىپىدە « ھەزرىتى موللام تېغى » دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر تاغ بار. بۇ تاغنىڭ باغرىدىكى بىر سۇزۇك بۇلاق ئۈستىدە «ھەزرىتى موللام مازىرى» ناملىق بىر مازار بار. بۇ مازارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىياننىڭ 37. 30′. 75′′ قا، شىمالىي پاراللېلىنىڭ 50°. 18′. 39′′ قا توغرا كېلىدۇ.

« ھەزرىتى موللام مازىرى » كىسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىسلام ئىمارىتى. بۇ مازار روزىمەرىكى، تىلاۋەتخانا، ئىتىكاپخانا، ھوجرا، مۇنارلىق دەرۋازا، زال قاتارلىق 7 بولەكتىن تەركىپ تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە زال ۋە تىلەۋەتخانىلار گۈمبەزلىك، قالغانلىرى تەكشى ئوگزىلىك قۇرۇلۇشتۇر. بۇ مازارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى زەڭگۈندە، ھاراق، تۈۋرۈك، خا قاتارلىق ياغاچلار بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ تۇرىدىغان، تورۇسلىرى ۋاساجۇپ؛ سىرتقى قۇرۇلمىسى كىسەك، لاي بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر يۇرۇش قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋرۈك، ھاراقلىرىدا تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىشلەر بار. پارامانلاردا ساقلىنىپ قالغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مازارنى ھىجرىيىنىڭ 1245 ـ يىلى ۋە 1315 ـ يىلى يەرلىك كىشىلەر ئىقتىسات توپلاپ ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرغان، ھەر قېتىملىق رېمونت قىلدۇرغاندا ئەسلىدىكى ياغاچلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى، بولۇپمۇ نەقىشى بار ياغاچلار يەڭگۈشلەنمەي ساقلاپ قېلىنغان.

قەشقەردىكى مەشھۇر نەققاشلاردىن مۇھەممەت ئىمىن نامان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ مازارنىڭ تۈۋرۈك، ھاراقلىرىدىكى نەقىشلەر ئىچىدە سۇخەر، خونجا، بېلىق قاسىرىغى، كورگۇل شەددە، يازا، ئۈزۈم، چېچەك، پەنجىرە قاتارلىق 10 نەچچە خىل نۇسخا بار. قەشقەردە كېيىنكى زامانلاردا بىنا قىلىنغان ئىسلام ئىمارەتلىرى، مەسىلەن: 15 ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ھېيتكا جامەسى، 18 ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغان ئاپپاق خوجا مازىرى قاتارلىقلاردا

بۇ نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز پېتى، بەزىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى، مەسىلەن: ئېتىكاپخانىنىڭ جەنۇبىي تامىدىكى ھاراق ۋە شەرقىي تامىدىكى 1 ـ، 2ـ خادىكى بىر نەچچە خىل نۇسخا بىر قەدەر قەدىمىي بولۇپ، بۇلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، پەقەت قاراخانىلار دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن بولمىغان زامانلارغىچىلا داۋام قىلغان نەقىش شەكىللىرىدۇر.

ھەزرىتى موللام تېغى قاپتىلىدا يەرلىك خەلقلەر " توققۇز قازناق " دەپ ئاتاپ كەلگەن بۇنىڭدىن 1600 يىل بۇرۇنقى بۇددىزىم ئىمارەتلىرى بار. ئوپال دېخانلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ خارابىلىقتىن توپا ئېلىپ ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن؛ جۈملىدىن توپا ئېلىش جەريانىدا ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇ قېتىم دېخانلار بىزگە ئۆزلىرى ساقلاپ قويغان بەزى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوسمان قارى تەقدىم قىلغان ئايال بۇددىساتىۋا نۇسخىلىق ساپال تۇتقۇچ بار. ھەزرىتى موللام ( مەھمۇت قەشقەرى ) مازىرىنى قوغداش گۇرۇپپىسى ساقلاۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە بىر ئەر بۇددىساتىۋا نۇسخىلىق ساپال پارچىسى بار. بۇ قېتىم بىز بۇ خارابىلىقتىن يەنە قىمىن قوۋزىغىدا يېزىلغان بىر نەچچە يۈز پارچە سانسكرىتچە بۇددا نوملىرى پارچىلىرىنى تاپتۇق. ( بۇلارنىڭ ھەممىسى مىلادى 4 ـ 6 ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىي يادىكارلىقلار. )

« ھەزرىتى موللام تېغى » نىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى « سۇلتانباغ » ناملىق تۆزلەڭلىكنىڭ ئاياق تەرىپىدىن تاشقورال دەۋرىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن يېرىك تاشقورال، يېرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن قىزىل ساپال پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپتۇق، ھەزرىتى موللام ( مەھمۇت قەشقەرى ) مازىرىنى قوغداش گۇرۇپپىسى ساقلاۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە تاش ئوق ئۇچى، مىس ئوق ئۇچى، تۆمۈر قىلىچ قاتارلىق يىل دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان يادىكارلىقلار، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ھەر خىل مىس يارماقلار ۋە شىمالىي سوڭ دەۋرىدىكى « شى نىڭ » خەتلىك ( مىلادى 1068 ـ 1100 ـ يىللار )، « يۈەن يۇ » خەتلىك ( مىلادى 1086 ـ 1100 ـ يىللار ) يارماقلار بار.

※ ※ ※

« كونىشەھەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1981 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان قاسىم رېھىمنىڭ ماقالىسى « ئازىغ » يېزىسىنىڭ ئوپالدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. « قەشقەر ئەدەبىياتى » 1983 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم ساقلاپ كەلگەن مىلادى 1836 ـ يىلى يېزىلغان بىر ھوججەتنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ھەققىدە تېخىمۇ مۇئەييەن، ئىشەنچلىك مەلۇمات بەردى. بۇ ھوججەتتە: " قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىۋالغان مۈلكىم « مەسنۇۋى شىرىپ» نى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۆزۈك بۇلاق ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن ئوغلى، قەلەم ئىگىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپى ۋە ئەبەدىي سەدىقە قىلدىم " دېيىلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېينىڭ 50 ـ يىللاردىن بۇيانقى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىدىمۇ « ھەزرىتى موللام مازىرى » ھەققىدە ماتېرىيال بار ئىدى. 1957ـ يىلدىكى موزېي خىزمەتچىسى ئىسمايىلنىڭ قەشقەر ئوپال رايونىنى تەكشۈرگەندە قالدۇرغان خاتىرىسىدە: " ھەزرىتى موللام، ئىسمى قەشقەرى، ھىجرىيىنىڭ 477 ـ يىلى ۋاپات بولغان، بۇ مازارنىڭ تەزكىرىسى بەگ دولەت ( ياقۇپبەگ ) زامانىسىدا يېڭىسارغا ئېلىپ كېتىلگەن " دېيىلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 7853 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ چاغاتايچە خېتى بار بىر يۈزىدە ئوپالدىكى بىر مۇنچە مازارلارنىڭ ناملىرى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: ئىمام مالىك ئەجدەر، ئىمام مالىك ئەسقەر، ھەزرىتى مەۋلانە شەمسىددىن ئەللامە (بۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇلۇغلانغان نامى ئىدى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان ھۆججەتتىمۇ مەھمۇت قەشقەرىنى «ھەزرىتى مەۋلام (ئۇلۇغ ئۇستاز)، شەمسىددىن (دىنىنىڭ قۇياشى)» دەپ ئاتىغان)، ھەزرىتى سەيپىددىن بۇزرۇكۋار، ھەزرىتى پادىشايىم، ھەزرىتى خوجا قۇنار ئاتام، ھەزرىتى ئالماكلىق ئاتام، يەتتە ئېزىز، بۇبى رابىيە، ھەزرىتى قىزىل جايىم، يۇدۇغ ياش، سۇلتان سېقى، ئەبتەكىم قاتارلىق مازار ئىسىملىرى بار. بۇ ھۆججەت مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنىڭ 17 - 18 - ئەسىرلەردىكى ماددى ئىسپاتىدۇر.

※ ※ ※

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاشقورال دەۋرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگىچە بولغان بىر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ جەريانىدا پامىرنىڭ شەرقى ئېتىكىدىكى ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن ۋە ئېتىقات مەركىزى قىلىنغان جايلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ غەربتىكى باشقا ئەللەر بىلەن دوستانە ئالاقە قىلىدىغان «يىپەك يولى»نىڭ بىر ئاخىرقى بېكىتى ئىدى. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئوپالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئوپالدا دەپنە قىلىنغان. ئوپال خەلقى 900 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ نامى ۋە تارىخى پائالىيەتلىرىنى تىللاردا داستان قىلىپ، ئۇنىڭ مازىرىنىمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاسراپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقىغا قاراپ ئىش كۆرمەيدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى ئوپال خەلقى، قەشقەر خەلقى، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى خاتىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئالىم بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركى مىللەتلەر، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا خەلقى خاتىرىلەيدىغان تارىخى شەخس. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» تۈركى تىللارغا بېرىلگەن ئىزاھاتلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىشەنچلىك ماتېرىيال. گۇرۇپپىمىزنىڭ بۇ قېتىم ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «ھەزرىتى موللام (مەھمۇت قەشقەرى) مازىرى» ئىسلام ئىمارەتلىرى ئىچىدە قەدىمقى ئىسىل، گۈزەل سەنئەت بويۇملىرى ساقلىنىپ قالغان. ئەتراپىدا مۇھىم قەدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلار ساقلىنىپ ياتقان، زامانىمىزدا ئالاھىدە قوغداش قىممىتى بار مەدەنىي يادىكارلىقلار ئورنى، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىنىڭ بۇنى ۋىلايەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتكەنلىكىمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش قانۇنىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىشىنى ۋە ئۇنى مەملىكەتلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىگە دوكلات يوللىشىنى، شۇنداقلا بۇ مازارنى دەسلەپكى قەدەمدە رېمونت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ھازىرچە 50 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بۆلۈپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز.

1983 - يىل 6 - ئاي

※ ئىزاھاتلار قىسقارتىلدى

# تارىخىي مىراس «قۇتاتقۇبىلىك» توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان

ئەھمەد زىيائى

## مۇندەرىجە

1 . كىرىش
2 . تۈيغۇ تەسىراتى
3 . ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، ئىسمى، تۇغۇلغان يېرى، يېشى، ۋاپاتى
4 . ئەسەرنىڭ نامى، تۈرى، ۋەزنى، تىلى، ھەجمى
5 . بۇ ئەسەرنىڭ يوقلۇق تۇمانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قايتا تۇغۇپ چىققان چاغلىرى، ھەر قېتىملىقتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھالار
6 ـ «قۇتاتقۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى بار نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشلىرى
7 . «قۇتاتقۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان دولەت ۋە ئالىملار
8 . بۇ ئەسەر يېزىلغان زامان
9 . «قۇتاتقۇبىلىك»نى مۇئەللىپ قايسى ھەرپتە يازغان؟
10 . مۇئەللىپنىڭ تەپەككۇرى
11 . «قۇتاتقۇبىلىك»قانداق ئەسەر؟
12 . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىغا نىمە تۈرتكە بولغان؟
13 . قەشقەرلىق ئىككى ئۇيغۇر ئالىمى نىمە ئۈچۈن تونۇشمىدى؟
14 . «قۇتاتقۇبىلىك» ۋە شېرىيەت

## 1. كىرىش

بەدىئى ئەدەبىياتىمىزنىڭ جانلىق نەمۇنىسى، ئۇيغۇر ئىدىولوگىيە ۋە مەدەنى سەنئەت ھاياتىنىڭ ئەڭ كونا يادىكارى بولغان«قۇتاتقۇبىلىك» ھازىر خەلقىمىز بىلەن يۈز كورۇشۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن ئازغىنە كەم 1000 يىل ئىلگىرى يېزىلىپ، 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشقا، ئۇنى چۈشىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىزگە تېخى يېقىندىن بۇيان بۇ قىممەتلىك تارىخىي مىراسىمىز بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1980ـيىلدىن باشلاپ «قۇتاتـقۇبىلىك» نى ئىشلەشنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نەزمي، نەسري يەشمىسى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ، ھازىر نەزمى يەشمىسىنى ترانسكرىپسىيىسى بىلەن بىرلىكتە نەشرگە بېرىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

بۇ يىل ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا ئېچىلغان «شىمالىي جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر پەلسەپە يىغىنى»

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەردىن بىرى بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەتتۇرسۇن يۇسۇپنىڭ «11 ـ ئەسىردىكى ئاتاغلىق ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «قۇتادغۇبىلىك» نى مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات نۇقتىسى قىلىشنى بەلگىلىمىدى ۋە مەخسۇس «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىشتى. بۇ ھال «قۇتادغۇبىلىك» دۇنيا ئالىملىرىنى قانداق قىزىقتۇرغان بولسا، جۇڭگو ئالىملىرىنى ھەم شۇنداق قىزىقتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا سۆزلەش، ئۇنى چۈشىنىش، ئۇنى بىلىش ــ بۇ بىر ئىلمىي مەسىلە بولۇپ، ئۇنى بىلىشكە قىزىققۇچىلاردىن ئۇنى كەڭ چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەلۇمكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىلمىي ماتېرىياللار لازىم. بىزدە بۇنداق ماتېرىياللار تېخى ئاز. بارلىرى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ كېتەلمىدى. ھازىر مۇشۇ ساھەدە كەم قانچىلىك بىلىم ئالغان بولسا، ئۇنى كۆپچىلىككە يەتكۈزۈپ پايدىلاندۇرۇش ــ بىلىم ئىگىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى…

مەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۈچ يىللىق ئىشلەش داۋامىدا ھاسىل قىلغانلىرىمنى "بۇ ئەسەرنى تونۇشقا ياردەم بولسۇن" دېگەن مەقسەتتە تۆۋەندىكىچە يېزىشقا كىرىشتىم. مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىمغا يەنىلا شۇ ئەسەردىكى مۇنۇ بېيتلەر تۈرتكە بولدى:

211 . كىشى كۆڭلى تۇپسۇز تېڭىزتەك تورور
بىلىگ يىنچۈ سانى تۇپىندە ياتۇر

212 . تېڭىزدىن چىقارماسا يىنچۈ كىشى
كىرىك يىنچۈ بولسۇن كىرىك ساي تاشى

يەشمىسى: كىشى كۆڭلى تۈۋسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز ئۈنچە يا ساي تېشى.

## 2 . تۈيغۇ تەسىراتى

ھازىر ئالدىمىزدا ماددى ماتېرىياللاردىن تەمەس، مەنىۋى ئىلھامنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ماتېرىياللىرىدىن قۇرۇلغان بۈيۈك ئىلمىي ئابىدە ئوتتۇرۇشتىكى قابىلىيەت، بەدىئىي سەنئەت ۋە ئىلمىي ئىقتىدارىمىزنىڭ ئىچۈكلىكىگە گۇۋالىق بەرگەن ھالدا مەغرۇرلارچە قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا. ئۇ بولسىمۇ بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياسىغان ئىلمىي ئابىدە ــ «قۇتادغۇبىلىك» دۇر.

زامانلار ئۆتتى: نى ـ نى سۇلالىلار يوقىلىپ، نى ـ نى شاھلار ئۇنتۇلۇپ، نى ـ نى تاغلار

تۇرۇلۇپ، نى - نى شەھەرلەر بۇزۇلۇپ، نى - نى كوللەر قۇرۇپ، نى - نى قو-
شۇنلار قىرىلىپ، نى - نى قەسىرلەر يېمىرىلىپ، يوقىلىپ كېتىشتى. لېكىن، بۇ
بۈيۈك ئەدىپنىڭ ياخشى نىيەت، ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن بىنا قىلغان ئىلمىي ئابىدىسى، قۇرۇلۇ-
شىنىڭ نازاكىتى، قۇرغۇچىسىنىڭ ماھارىتى، ماتېرىياللىرىنىڭ قىممىتى، ئۆزىنىڭ ئىلمىي شان-شەۋ-
كىتى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تارتىپ تۇرماقتا. يۈسۈپ قۇرغان بۇ مەڭگۈلۈكنىڭ بۇ
قەدەر مەڭگۈلىشىپ ھەممىگە مەقبۇل بولۇشىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى — بۇ ئابىدىنىڭ ئۇنىڭ كىتا-
ۋىدا يازغان تۆۋەندىكى بېيىتلىرى مەزمۇنىغا سادىق بولغانلىقىدىدۇر:

6502. تىلىمىدىم ئۆزكى كوچاۋ ئىدگو ئات
كىشى ئاسغى قولدوم ئوز ئىرسە يا يات

يەشمىسى: تىلەك قىلمىدىم شان - شوھرەت خوپ ئات،
كىشى نەپئى كۆتتۈم ئۆز ئۇلسۇن يا يات.

6503. ئوقوغلى ئوقسا مىنى ئوشكوروپ
دوئا قىلغىمو تىپ ماڭا بىر توروپ

يەشمىسى: ئوقۇچى ئوقۇسا مېنى ياد ئېتەر،
ئۈمىدىم ماڭا بىر دوئاسىن بېرەر.

6504. تىلەكىم بو ئەردى ئومىنجىم بو ئوق
ئوقوغلى ماڭا بىر دوئا ئىزگا ئوق

يەشمىسى: تىلەگىم بۇ ئەردى ئۈمىدىم شۇلا،
ئوقۇغان ماڭا بىر دوئادا بولا.

6505. تىلىم سوزلەدى سوز بىتىدى بىتىگ
ئولور بۇ ئىلىگ تىل ئەي قىلقى سىلىگ

يەشمىسى: تىلىم سوزنى سوزلەپ پۈتۈدى قولۇم،
بۇ تىل قولغىمۇ بار ئېرور بۇ ئولۇم.

6506. ئونوتما مىنى ئى ئوقوغلى تىرىگ
ئوزوم دونيا قوزسا توشەنسە يىرىگ

يەشمىسى: ئوقۇپ ئەي تىرىك ئەر، ئۇنۇتما مېنى،
يېپىنغاندا مەن يەر قويۇپ دۇنيانى.

ئۇ، دەۋر خائىنلىرىدىن ئىلتىپات كۆتمىگەن، شان-شۆھرەتكە قىزىقمىغان، زىيانغا ئۇچراشتىن قورقمىغان، شاھلاردىن تەپ تارتمىغان، بايلىققا قىزىقمىغان، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەڭگۇ ياخشى ئوتتۇشىنى كوزلەپ سوزلىگەن ۋە شۇ ياخشى نىيەت بىلەن ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشنى كوزلىگەن ھەمدە شۇ مەقسەتتە يەككۇر چىمەنلىكىدىن ئەدەپ-ئەخلاق گۇللىرىنى ئۈزگەن، بۈيۈك ئەدىبىي ماھارەت بىلەن گۇلدەستىلەر تۈزگەن، ئىلھام دېڭىزىنىڭ قاينىملىرىدا چومۇپ يۈرۈپ ئىجتىمائى ھاياتقا پايدىلىق ھىدايەت ئۈنچىلىرىنى سۈزۈپ چىققان. بۇ ئۈنچىلارنى نەزمە يىپىغا تىزىپ چىقىپ باھاسىز گۆزەل زۈننار ياساپ زامانە قىزىنىڭ بوينىغا تاقىغان. بۇ گۇلدەستە ۋە زۈننارلار دۇنياۋى مىقياستا شۆھرەت قازانغان، جاھان ئالىملىرى تەرىپىدىن چەكسىز ھورمەت بىلەن قارالغان.

1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئوتتۇپتۇ. بۇ گۇل قەشقەردە تېرىلىپ ئېچىلغىنى، بۇ بىباھا گوھەرلەر قەشقەردە نەزم يىپىغا تىزىلغىنى...جاھالەت تۇمانلىرى ئۇنى بىزگە كورسەتمەپتۇ. ئوتمۇش زامانىنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرلىرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىزگە يەتكۈزمەپتۇ. بۇ قىممەتلىك مىراستىن مەھرۇم قاپتىمىز. ئەنئەنىۋى يادىكارلىقى يوقتىكىدەك ئوزىمىزنى مەدەنىي مىراس ساھەسىدە يوقسۇللۇققا گىرىپتار قىپتىمىز. بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈمەن رەڭلىك گۇل-چېچەكلەر بىلەن تولغان گۇللۈكىنىڭ تاماشاسى بىزگە مۇيەسسەر بولماپتۇ. ئۇنىڭ يۈرەكلەرنى ئوزىگە ئاشىق قىلىدىغان جازىبەدار خوش ئاھاڭ ئەدەبىي ناۋاسى بىزگە ئاڭلانماپتۇ. يوقسۇللۇق ھېس قىپتىمىز، شۇنچە زور بايلىقىمىز تۇرۇپ، مۇشۇنداق تاتلىق بولغىنىمىز تۇرۇغلۇق، كېتىپتۇ لەۋلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ، بىلمەپتىمىز باشقا ئەللەر ئۇنى ئاختۇرۇپ تونۇپ تاپقاندا، جاھان ئالىملىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە تەتقىق مەشئەللىرىنى ياققاندا.

ۋەتىنىمىزدە باشلانغاندىلا "توتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش" باھارى، ياشناشقا باشلىغاندا ئەدەبىيات-سەنئەت گۇلزارى. بۇ يادىكار مىراسىمىز تەگدى ئەمدى بىزگە كېلىپ، ئىمكان تاپتۇق كورۇشكە ئۇنى قولىمىزغا ئېلىپ. پىكىر بۇلبۇللىرى باشلىدى بۇ گۇللۈككە قونۇشقا، ئىنتىلىشمەكتە جاۋاھىر شۇناسلار بۇ غەزىنىدىكى جاۋاھىراتلارنى تونۇشقا. باشلانماقتا بىزدە «قۇتادقۇبىلىك» شۇناسلىق زامانى، يوقالغاچقا جاھالەتنىڭ دەھشەتلىك تۇمانى. ئۈمىتكە يۈسۈپنىڭ بۇ مەڭگۇلىگى مەڭگۇ قالغاي خوش ھىدلىرىنى چېچىپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى يورۇتۇشتا پارلاق يوللارنى ئېچىپ...

## پارچە

سىزدۇرۇپ قان، كويدۇرۇپ جان، تىرىشىپ ئەجداتىمىز
قىلدى «قۇتاتقۇبىلىك» تەك غەزنىنى مىراسىمىز.

قانچە ماختانساقمۇ ئاز، لېكىن ئۇنۇتمايلى شۇنى.
نىمە مىراسلارنى كۆتەر، بىزدىن يەنە ئەۋلادىمىز...

## 3 . ئەسەر مۇئەللىپى ، ئىسمى ، تۇغۇلغان يېرى ، يېشى، ۋاپاتى

بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ـ ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن پەيلاسوپ پازىل ئالىمى ، پەن ـمەدەنىيەت خىزمەتچىسى ، قار خانىلار دولەت ئاپاراتى ئىچىدە مۇھىم ۋەزىـپىلەرنى بېجىر ـ گەن، ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسى ۋە ئىلمىي ئەربابى ، ئەدىپ ، شائىر بىر زات ئىدى .

بۇ زات پۈتۈن ھاياتىنى خەلق پايدىسىغا بېغىشلىغان . بىغەرەز ئەسەر ئىجات قىلغان بىر كىشى بولۇپ ، بۇنداق ئالى غايىلىك مۇئەللىپ جاھاندا ئاز ئۇچرايدۇ . ئۇ شۇنچە زور ئەسەرنى ھىساپـ ـسىز رەنج ـ مۇشەققەت چېكىپ ئىجات قىلغان بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ نەسىل زاتى ، تۇغۇلغان ۋە تۇرـ ـغان يېرى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىغىز ئاچمىغان ، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە پەندى ـ نەسە ـ ـسىھەت بېرىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ كېتىپ بېرىپ ، گويا ئىختىيارسىز يېزىپ تاشلىغاندەك 6658 ـ بېيىتتە :

ئى يوسوپ ! كېرەك سوزنى سوزلەكونى
كىرەكسىز سوزۈڭ كىزلە ! قىلغا قورا

يەشمىسى: يۇسۇپ سەن يارامىلىق ، دۇرۇست سوزنى ئەيىت ،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك قارا.

دەپ ئىسمىنى بىر قېتىم ئەيتىپ سالمىغان بولسا، بەلكى بۇ ئەسەر مۇئەللىپى نامىنىڭ يۇسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ ھېچـ ـكىم بىلمىگەن بولاتتى . پۈتۈن ئەسەر ئىچىدە مۇئەللىپ ئۆزى ھەققىدە مۇشۇ بىر "يۇسۇپ" دىن باشقا ھېچقانداق خەۋەر بەرمىگەن.

بۇ ھەقتىكى بىر ئاز كەڭرەك بىلىمنى پەقەت كېيىن يېزىلغان نەسرىي ، نەزمىي مۇقەددىمە ـ لەردىن بىلىپ ئالالايمىز .

نەزمىي مۇقەددىمىدە بۇنداق دەيدۇ :

54 . باقا كور كىتاپنى بو تىرگىن كىشى
هونەرلىگ ئەر ئەرمىش كىشلەر باشى

يەشمىسى: كورەرسەن كىتاپنى بۇتۈرگەن كىشى،
هۇنەرلىك ئەرەن كەن كىشلەر بېشى .

55 . بو تورلوك فازايىل ئوقۇشلار بىلە
ئاراستە ئول ئەرمىش يورىمىش كولە

يەشمىسى: بۇ تۇرلۇك پەزىلەت ئېقىل ئاڭ بىلە ،
ئۇ ئەرمىش بىزەلگەن يۇرۇرمىش كۆلە .

56. بوتونلوك مە ھورمەت بۇ زوھدلىك ئۆزە ،
ساقىنوق بىلگىلىك ئارىغلىغ ئۆزە

يەشمىسى: ئۇ ھورمەتلىك ھەم توغرا ،زاھىت ئېرۇر ،
بىلىملىك ۋە تەقۋا ئېرىغ - پاك يۇرۇر .

57. بو تەنگى توروغلاغ كوز ئوربو ئىلى
توپ ئەسلى نەسەبتىن يورىمش تىلى

يەشمىسى: تۇرۇغلۇق ماكانى «كۆز ئوردۇ» ئېلى ،
تۆپ ئەسلى نەسەپتىن خەۋەرچى تىلى.

58. بو توغمىش ئىلىندىن چىقىپ بارغانى
كىتابنى قوشوپان توكىل قىلغانى

يەشمىسى: ئۇ تۇقان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ ،
كىتاپنى نەزىمگە قوشۇپ تۈگىتىپ .

59. باروسىن بىتىمىش يىتورمىش نىزام
بو كاشغار ئىلىندە قوشولمىش تامام

يەشمىسى: پۈتۈن ھەممىسىگە بېكىتكەچ نىزام ،
ئۇنى قەشقەر ئىچىندە قىلغان تامام.

60: مەلىكنىڭ ئوگىندە ئوقىمىش ئونى
بو تاۋغاچ قارا بوغراخانلار خانى

يەشمىسى: ھوزۇرىدا خانىنىڭ ئوقىغان مۇنى ،
ئۇ تاۋغاچ قارا بۇغرا خانلار خېنى.

61. ئاغىرلامىش ئارتۇق توكوش خىلئاتى
قالىمەنىڭ ھاقى تىپ ئوكوش ھورمىتى

يەشمىسى: قەدىرلەپ ئۇنى كۆپ بېرىپ خىلئەتى ،
قەلەم ھەققى دەپ كۆپ قىلىپ ھۆرمەتى .

62. بۇ خاس ھاجىب ئاتىن تىگۈرمىش موڭا
مونى بۇ ئۆزىنىگە ياغۇنمىش يانا

يەشمىسى: ئۇنىڭغا بېرىپ خاس ھاجىپلىق ئېتىن،
ئۇنى ئەيلەمىشتۇر ئۆزىگە يېقىن.

63. بو مەئنى ئۈچون كور تاغىرلار ئونى
يوسوپ خاس ھاجىب تىپ ئايورلار كونى

يەشمىسى: بۇ مەنا ئۈچۈن كور قەدىرلەر ئۇنى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ ئاتارلار كۈنى.

نەزمىي مۇقەددىمىدىن خېلى كېيىن يېزىلغان نەسرىي مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

" ... بۇ كىتابنى تەسنىف قىلغىلى بالا ساغۇن مەۋلۇدلۇغ ( بالا ساغۇندا تۇغۇلغان ) پەرھىز ئىززىسى ( تەقۋادار ) ئەر تۇرۇر . ئەمما بۇ كىتابنى كاشغار ئىلىندە تۈگەل قىلىپ ( تۈگىتىپ ) ، مەشرىق ( شەرق ) مەلىكى ( شاھى ) تاۋغاچ بوغراخان ئۈسكىنگە ( ھوزۇرىغا ) كىگۈرمىش تۇرۇر . مەلىك بوغراخانىما ئانى تاغىرلاپ ئۇلۇغلاپ ئۆز خاس ھاجىپلىكىنى ئاڭا بىرۇ يادلىقامىش تورۇر . ئانىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىب تىپ ئاتى جاۋى ئاجوندا يايىلمىش تورۇر... "

مۇقەددىمىلەردە يېزىلغان مۇشۇ سۆزلەردىن باشقا مۇئەللىپ ھەققىدە دۇنيادا تېخىچە بىرەر ئىز مەۋجۇت ئەمەس . ئۇنىڭ ئاتىسى كىملىكى ھېلى ھەم ئېنىق ئەمەس . مۇقەددىمىدىكى " ... بالا ساغۇن مەۋلۇدلۇغ ..." دېگەن جۈملىدىن ئۇنىڭ بالا ساغۇندا تۇغۇلغانلىقىنى ، " ... كاشغار ئە- لىندە تۈگەل قىلىپ ... " دېگەن جۈملىدىن قەشقەردە يېزىپ تاماملىغانلىقىنى بىلەلەيمىز . ( بالا ساغۇن ھازىر خارابىگە ئايلانغان ، ئورنى نامەلۇم . تەخمىن قىلىنىشىچە چۇ دەرياسى بويىدا ، ئىسسىق كۆلنىڭ يېنىدا ئىدى ، كۆز ئوردۇ دەپمۇ ئاتىلاتتى . ) ئەگەر بۇمۇ يېزىلمىغان بولسا بۈگۈن- كى ئىلىم دۇنياسى بۇنىمۇ بىلمىگەن بولاتتى .

مۇئەللىپنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى:

بۇ خۇسۇستا ئەسەر ياكى مۇقەددىمە بىزگە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ . ئەمما شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدىن بۇ توغرىدا بەزى مۇلاھىزىۋى خۇلاسىلارنى چىقىرالايمىز :

6495. يىل ئالتمىش ئىكى ئەردى تورت يۈز بىلە
بىتىيو توكەتتىم بو سوز ئولگولە

يەشمىسى: يىل ئاتمىش ئىكى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
تۈگەتتىم سوزۈمنى بۈتۈپ ئۈلگۈلە.

بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 462 ـ ( مىلادى 1069 ـ 1070 ـ ) يىلىدا يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

يۈسۈپنىڭ بۇ زور ئەسەرگە سەرپ قىلغان ۋاقتى 18 ئاي، يەنى بىر يېرىم يىل بولۇپ، ئۇنى بۇ بېيىتلەردىن بىلىمىز:

توكەل 18 ئايدا ئايدىم بو سوز
تۈزوردوم ئازىردىم سوز ئەۋرىق تىرا

يەشمىسى: تولۇق ئون سەككىز ئاي تۈگەتتىم بۇ سوز،
يېزىپ تاللىدىم سوز، تىزىپ ھەم تىرە.

ئەمدى شائىرنىڭ:

تىگوردى ماڭا ئىلگىن ئەلىگ ياشىم
قوغو قىلدى قوزغون توسى تىگ باشىم

يەشمىسى: ماڭا تەككۈزۈپ قولىنى ئەللىك ياشىم،
قوغۇ قىلدى قوزغۇن توسلۇك باشىم.

دىگەن بېيىتىغا قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقىتتا شائىرنىڭ 50 ياش ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. مۇشۇنداق سېلىشتۇرما قىلغاندا شائىرنى ھىجرىيە 412 ـ يىللىرى، مىلادىيە 1019 ـ يىللىرىدا تۇغۇلغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ھىچ قانداق يەردە ئىز يوق. ئەمما ئەسەرنىڭ ئاپىخىردىكى قوشۇمچە قەسىدە بىزگە يۈسۈپنىڭ خېلى ياشانغان بىر ھايات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. چۈنكى ئەللىك ياش كىشى قېرىلىقتىن بۇنچە زارلانمىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئەمما بۇ قەسىدە ياشلىققا قايتىش ئېچىنىشلىق ھەسرەتلەر بىلەن تولغان:

6521. يورگىلى بولىت تىگ يىگىتلىكنى ئىزتىم
توپى يىل كىچەر تەگ تىرىگلىك توكەتتىم

يەشمىسى: ئوتۇچى بۇلۇتتەك يىگىتلىكنى ئىزتىم،
بوران يەل ئوتەردەك ھاياتنى تۈگەتتىم.

6522. ئىسىزىم يىگىتلىك ئىسىزىم يىگىتلىك
توتا بىلمەدىم مەن سىنى تەرك قاچتىم

يەشمىسى: ئىست ھەي يىگىتلىك ، ئىست ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇش بىلمىدىم مەن سىنى تېز قاچتىم.

6523. يانا كەلگىل ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن
ئايادا توتايىن ئاغى جور توشەتتىم

يەشمىسى: يەنە كەلگىل ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن،
تۇتاي ئالقىنىمدا ئاۋازەر توشەتىم.

6524. ئىسىز بۇ يىگىتلىك قانى قانچا باردى
تىلەپ بولمادىم مەن نەچە مەتىلەتتىم

يەشمىسى: ئىست بۇ يىگىتلىك قېنى نەگە كەتتى،
تىلەپ تاپمىدىم مەن كى شۇنچە تىلەتتىم.

6325. تېرىكلىككە تاتغى سوجىك جان سۆيۈنجى،
يىگىتلىك تەگ ئىزگو يۇق ئەرمىش ئايتتىم.

يەشمىسى: ھايات تاتلىغى ئۇ شىرىن جان سۆيۈنجى
يىگىتلىك دەك ئەزگو يوق ئەرگۈن ئايتتىم

6527. قارىلىقتا قوريوق كۆنى تۇردۇم ئەرسە
ياۋالىقتا ئىسىز تىرىكلىكنى ئىزتىم

يەشمىسى قېرىلىقتا ئەيىپ يوق ئىدى توغرا يۈرسەم،
ئىستىكىم ئۆمۈرنى ئەجەپ زايە ئەتتىم.

6528. ئىمىركەپ ئاچىر مەن ساڭا ئاي يىگىتلىك
قامۇغ كوركىمى سەن يىراتتىڭ يىراتتىم

يەشىمىسى: دەرىخ ئىچىنورمەن ساڭا ئەي يىگىتلىك،
جىمى ئوزلۇغىمنى يوقاتتىڭ يوقاتتىم.

6529. تىمام ئىرغوۋان تەگ قىزىل مەڭزىم ئەردى
بوكون زافىران ئۆرغىن ئەڭدە تارتتىم

يەشىمىسى: قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغىۋانىدەك،
بۇ كۈن ئوڭا زەپەر ئۆرۈغىن سۈرۈتتىم.

6530. يىپارسىغ قارا باشقا كافور ئاشۇدۇم
تولۇن تىگ تولو يۈز قايوقا ئىلەتتىم

يەشىمىسى: ئىپاردەك قارا باشقا كاپۇر پۈركۈدۈم،
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئېۋەتتىم.

6531. يارۇق يازتىگ ئەردىم تۈمەن تو چېچەكلىگ
خازانمۇ تۈشۈتتۈم قاموغنى قورتتىم

يەشىمىسى: بورۇق يازدەك ئەردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6532. قادىڭ تىگ بودوم ئەردى ئوق تەگ كونى توز
ياتىگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم توڭتتىم

يەشىمىسى: قېيىندەك بويۇم ئەردى ئوقتەك دۈرۈست تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئىگىلدىم ئىڭىشتىم.

مۇشۇلارغا قاراپ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ھايات مەنزىللىرىنىڭ 70 ـ 80 لىرىنى باسقان دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

## 4. ئەسەرنىڭ نامى، تۈرى، ۋەزنى، تىلى، ھەجمى

ئەسەرنىڭ نامى:
ئەسەرنىڭ نامى ئەسەر ئىجاتچىسىنىڭ يازغان:

350. كىتاب ئاتى ئۇردوم قوتادغۇبىلىك
قۇتادسو ئۇقغىلىقاتوتسو ئەلىگ

يەشمىسى: كىتاپ ئاتى قويدۇم « قۇتاتقۇبىلىك »،
قۇتاتسۇن ئوقۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.

دىگەن بۇ بېيتى بويىچە « قۇتاتقۇبىلىك» دۇر. "قۇت» سوزى ئۇيغۇرلاردا "بەخت»، سائادەت»، " مۇبارەك " مەنەسىدە بولۇپ، بۇ نام ئىككى ئىسىم ۋە بىر پېئىلدىن قۇرۇلغان. "قۇت» ــ ئىسىم، " ئاتقۇ " ـ پېئىل، " بىلىك " ـ ئىسىم. « قۇت ئاتقۇ بىلىك » ( بەخت بەرگۈچى بىلىم ) دىمەكتۇر. بۇ نامغا ھەر بىر تەتقىقاتچىنىڭ بەرگەن بىر تۈرلۈك مەنىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: بارتولد " شاھلار بىلىمى "؛ تۈرك ئالىمى كافسۇ ئوغلى " ھاكىمىيەت بىلىمى "؛ سەدىرى مەخسۇدى " قانۇن قوللانمىسى "؛ رەشىت رەھمىتى ئارات " بەخت بەرگۈچى بىلىم " دىگەن. بىز مۇشۇنىڭغا قوشۇلىمىز. چۈنكى « قۇتاتقۇبىلىك » دىگەن سوز ھازىرقى ئۇيغۇرچە " بەخت بەرگۈچى بىلىم " دىگەن سوزنىڭ ئوز ئەينىدۇر.

ئەسەرنىڭ تۈرى:

« قۇتاتقۇبىلىك » ئۇيغۇر بەدىئى ئەدەبىياتىنىڭ نەزمە تۈرى بويىچە يېزىلغان چوڭ نەزمي ئەسەر بولۇپ، مەسنىۋى ( ئىككىلىك ) ئۇسلۇبى بىلەن تۈزۈلگەن. مەسنىۋىلىك ئۇسلۇبىدىن تاشقىرى 250 دىن ئارتۇق روبائىلىرى بار.

« قۇتاتقۇبىلىك » نىڭ ۋەزنى:

« قۇتاتقۇبىلىك » نىڭ ۋەزنى توغرىسىدا ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر " ئوروز ۋەزنىدە يېزىلغان " دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر " تۈرك بارماق ۋەزنىنىڭ ئون بىرلىك تۈرى بىلەن يېزىلغان " دەيدۇ. ئوروز ۋەزنىدە يېزىلغان بولسا، ئۇ ئوروز ۋەزنىنىڭ بەھرى مۇتە قارىبى موسەممەنى مەھزۇف ياكى مەقسۇر [ ئايىغى ئېلىپ تاشلانغان بىر بىرىگە يېقىن سەككىزلىك بەھرى ( فەئۇلۇن / فەئۇلۇن / فەئۇلۇن / فەئۇل )، ( " ن " ھەرپى ئېلىپ تاشلانغانلىقتىن " مەھزۇف دىيىلىدۇ ) ] ۋەزنى بىلەن يېزىلغان بولىدۇ. بۇ ۋەزىندە سوزلەر بۇنداق تەقرىز ( كېسىلىش ) قىلىنىدۇ:

كىتاب ئا / تى قويدۇم / قۇتاتقۇ / بىلىك، قۇتاتسۇ/ ئوقۇچى/ غاتوتسۇ/ ئىلىك. فەئۇلۇن فەئۇلۇن ،فەئولۇن فەئۇل،

بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدە شائىر 3805 ـ بېيىت بىلەن كىتاپ ئاخىرىدىكى ياشلىقتا ھەسرەت چېكىپ،قېرىلىقتا ئېچىنغان دەرتلىك قەسىدىسىنى بەھرى مۇتە قارىب موسەممەنى سالىم ( ئاخىرى تولۇق بىر ـ بىرىگە يېقىن سەككىزلىك بەھرى ) بىلەن يازغان. مىسال:

يوروكلى / بولوتتەك / يىگىتلىكنى / ئىزتىم. فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن

ئوروز ۋەزنىگە سېلىنغاندا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر تۈرك نەزمى ئۆلچەم تۈرىنىڭ 11 بارماق ۋەزنىگە سېلىنسا بۇنداق بولىدۇ:

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ك | تاپ | ئا | تى | قوي | دۇم | قۇ | تات | قۇ | بى | لىك |
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |

بىز شائىرنىڭ بەزى يەرلەردە ئوروزدىكى سوزنى قىسقارتىش ، ئۇزارتىش ، سوزۇش قائىدىسىنى قوللانغانلىقىغا قاراپ ، بۇ ئەسەر ئوروز ۋەزنى بىلەن يېزىلغان دىگەن ئويدىمىز . مەسىلەن :

كىتاپ ئاتى قويدۇم قۇتاتقۇبىلىك،
قۇتاتسۇ ئوقۇغلىقا توتسۇ ئىلىگ.

2 ـ مىسراسىنى " قۇتاتسۇن ئوقۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ » دىسە 11 لىك بارماق ۋەزنىگە ئوبدان چۈشەتتى . لېكىن شائىر " قۇتاتسۇ ⋯ تۇتسۇ ⋯ » دەپ ، ئىككى " ن » ھەرپىنى تاشلاپ يازغان . بۇنىڭ سەۋەبى ئوروز ۋەزنىدىكى ئاھاڭدارلىقنىڭ تەكشىلىگىگە رىئايە قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك .

« قۇتاتقۇبىلىك » نىڭ ھەجمى:

ھازىر قولىمىزدا بار ۋە تولۇق دەپ ھىساپلانغان تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن بېيىتلىغان،رەشىت رەھمىتى ئارات توپلىغان مەتىن بويىچە 6645 بېيىت 13290 مىسرا . بۇنى يەنە تولۇق دىگىلى بولمايدۇ . چۈنكى 6303 دىن ۋە 6351 دىن ، 6858 دىن كېيىن ۋە سەرلەۋھىدىن كېيىن باشلانغان ، 6859 دىن ئىلگىركى بېيىتلەر كەم . قانچىلىك كەم؟ بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس.

بۇ ئەسەر ئۆزى 85 باپ بولۇپ ، قوشۇمچە قىلىنغان ئۈچ قەسىدە بار . باپلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى تەكشى ئەمەس . ئەسەرنىڭ ئۆزى 6520 بېيىت ، 13040 مىسرا . ئايىغىدىكى 3 ئىلاۋە قەسىدە :

بىرى ياشلىقتا ھەسرەت چېكىپ قېرىلىقتا ئېچىنغان قەسىدىسى ، مەتلىئى:

يوردىگلى بولت تەگ يىگىتلىكنى ئىزتىم
توبى يىل كىچەر تەگ تىرىگلىك توكەتتىم

6521 دىن 6565 غىچە 35 بېيىت ، 70 مىسرا .

ئىككىنچىسى ، « زامان زۇلمى دوستلار جاپاسى» ھەققىدىكى قەسىدىسى ، مەتلىئى :

تورايى ، بارايى ئاچونوغ كىزەيى
ۋافالىغ كىم ئەرسە ئاچوندا تىلەيى

6565 دىن 6604 كىچە 40 بېيىت ، 80 مىسرا .

ئۈچىنچىسى، كىتاپ ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە پەندى - نەسىھەت بەرگەن قەسىدىسى ، مەتلەئى:

بىلىگ بىل ئۆزۈڭگە تورون قىل تورا
بىلىگ بىلسە ئۆزكە ئىزى بەرك تورا

6605 دىن 6645 كىچە 41 بېيىت ، 82 مىسرا .

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى :

بۇ مەسىلە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا تېخىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى . ئالىملار ئارىسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۈرلۈك ئىختىلاپلار مەۋجۇت . رۇس تەتقىقاتچىسى فادىلوۋ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى بەزى ئۇ تىلغا بەزى بۇ تىلغا، يېقىنلاشتۇرغان بولسىمۇ ، يەنە ئۆز كوز قارىشىدا چىڭ تۇرالماي «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا سوزلىگەندە ، "قۇتادغۇ بىلىك تىلى" دەپ ئاتاپ، ئەسەرنىڭ ئالتايلاشقان تىرانسكىرىپسىيەسىنى بەرگەن. تومسون «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەپسىلى ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن فادىلوۋنىڭ بۇ تىرانسكىرىپسىيەسىنى رەت قىلغان ① . فادىلوۋ كېيىن ئۆز خاتاسىنى ئىقرار قىلىپ تومسوننىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ② . دېمەك ،فادىلوۋمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى پالانى تىل دېيەلمىگەن. ئەمدى س . يى . مالوفقا كەلسەك ، ئۇ بىر يەردە «قۇتادغۇ بىلىك» نى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر قاتارىغا قوشسا ، يەنە بىر يەردە ئۇيغۇر مۇسۇلمان يادىكارلىقى دەپ كورسىتىدۇ ③ . دېمەك،فادىلوۋ ئەڭ ئاخىرىدا ئەسەر تىلىنى "ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئىقرار قىلىدۇ . بۇ ئەسەرنى ئۆزبەكچىگە تەۋسىق قىلغان فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتى قەييۇم كەرىموف نەسرىي مۇقەددىمىدىكى "... ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى قومۇغ (بوتون) ئىستىسپاق ئىقلىمىغا تەكدى ئەرسە غايەت ئوزلوقنىرىن ناھايەتتىن كىچا كوركلوكىندىن تىكما بىرى بىر تۈرلۈك ئات قويدىلەر " دېگەن جۈملىلەرنى سىتاتا كەلتۈرۈپ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ:" بۇغراخان تىلىنىچە دەپ نەزەردە تۇتۇلغان تىل بۇغراخان قول ئاستىدا بىرلەشكەن ھەممە ئاساسى قەبىلىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر " قايو ئىقلىم ۋە قايو پادىشاھقا يەتسە ئۇلار تەرەپتىن قەدىرلىنىپ ئوقۇلغان . دېمەك ، ئەسەر تىلى شۇ دەۋر تۈرك قەبىلىلىرى تىللىرى ئاساسىنى ئوزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك» نى 11 - ئەسىردە ياشىغان بىرەر خەلقنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى دېگەن قەتئى بىر پىكىرگە كېلىش ناتوغرا بولىدۇ " دەيدۇ .

① س . يى . مالوف «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى» 1951 - يىل نەشرى.
② ۋ . رادلوف «قۇتادغۇ بىلىك نەشرىگە بەرگەن ئاخىرقى سوز»
③ س . يى . مالوف «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى»؛ 1951 - يىل نەشرى .

بىزنىڭچە بۇ ئەسەرنى مۇقەددىمىدە «بۇغراخان تىللىنچە» دىيىلگىنى توغرا. ئەسەر شۇ چاغدا قەشقەردە بۇغراخان تىلى دەپ ئاتالغان خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىلغان. ئەمما شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، شۇ چاغدا قەشقەردە بۇغراخان دولىتىنى تەشكىل قىلغان غوللۇق خەلق – ئۇيغۇر مىللىتى ئىدى. بۇ مىللەت قەشقەردە ئاساسىي كوپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. «تۈركى تىللار دىۋانى» دە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددى، مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلار بەرگەندە: ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى تۈركى خەلقلەرنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى»، «ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئۇسۇملۇك دورىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى»، «ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئۇيغۇر» دىيىشلىرى، «ئۇيغۇر يېزىغىدىكى ئابىدىلەر»، «شۇنىڭدەك مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ فونېتىكا، گىراممатىكا قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئۇيغۇر» سوزىنى باشقا ئېلىپ تۈركى خەلقلەر دىگەندە، «بەزى» يەنى ئازچىلىقنى ئىپادە قىلىدىغان ئىبارىنى قوللانغانلىقىدىن، «بۇغراخان تىلىنچە» دىيىلگەندە، ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېغىر سالماقنى تۇتىدىغانلىقىنى كورۈش قىيىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا شۇ ئەسەر يېزىلىپ ھازىرغىچە 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئوتكەن بولسىمۇ، قەشقەردە «قۇتاتقۇ بىلىك» دە قوللىنىلغان سوزلەردىن بىر مۇنچىلىرى ئۇيغۇرلار ئاغزىدا يۈرمەكتە. مەسىلەن: قۇت (بەخت). تەمەن دەرياسى بويىغا چىقىلسا ھايۋان بىدىكلىرىنىڭ ئالغۇچى ۋە ساتقۇچىنىڭ قولىنى سىلكىپ «قۇت ئاتىسۇنمۇ» دەۋاتقانلىقىنى كورۈمىز. شۇنىڭدەك ئوزچىرايلىق، ئوگۈز –دەريا (قەشقەردە ئوز ئېرىپ ھەر تەرەپتىن ئېرىپ چۈشكەن سۇنى ئەگۈز دەيدۇ)، بوتاق – شاخ – دەرەخنىڭ پۇتىغى، كىلىن – كىلىن، ئاغاچ – ياغاچ، يىلىك – يىلىك – يالىڭاچ، ئەش – ھەمرا – بالىنىڭ ئانىدىن تۇغۇلغاندىكى بىللە چۈشكەن ھەمراسى.

تۇرا — قورغان
يىمىش — يىمىش
سىمىش — سىمىشكە
سۇچۇل — كىيىمنى سال
تون — تون چاپان
تۇل — تۇل خوتۇن

تېخى بىز بۇ خۇسۇستا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىدۇق. ئېسىمىزدە قالغانلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق ئېيتالايمىزكى: «قۇتاتقۇ بىلىك» – ئۇيغۇر تىل قۇرۇمىغا ئىگە ۋە ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ يادىكارلىقى ۋە نەمۇنىسى. ئۇنىڭ تىلى باشقا تۈركى قەبىلىلەر تىلىغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن ۋە ئۇيغۇن.

«قۇتاتقۇ بىلىك» دىكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۇيغۇن تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردا ھازىر قوللىنىۋاتقان سوزلەر ئۈستىدە بۇندىن كېيىن ئەلۋەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە پاكىتلار ئوزى سوزلەيدۇ.

## 5 . بۇ ئەسەرنىڭ يوقلۇق تۇمانلىرى ئاستىدا كومۇلۇپ قايتا تۇغۇپ چىققان چاغلىرى، ھەر قېتىملىقتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھالار

بۇ ئەسەر يېزىلىپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم دەۋر تۇمانلىرى بىلەن كومۇلۇپ، يەنە قايتا ئىلىم دۇنياسىغا نۇر چېچىپ تۇغۇپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يوقلۇق تۇمانلىرى يوقۇلۇپ ھەر بىر تۇغۇلۇپ چىققان چاغدا، بۇ ئەسەرگە شۇ دەۋر ئەرباپلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن باھالار بۇ ئەسەرنىڭ قانداق قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن قالماي، ئەسەر بىلەن يېڭى تونۇشۇپ ئۇنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا بەزىلەرنىڭ «نىمانچە قىلىشىدۇ» دېگەن بۇ ئەسەرگە بولغان ئۇزە قاراشلىرىغا تۈزىتىش بېرىدۇ. چۈنكى پاكىت ھەممىدىن ئۈستۈن.

«قۇتاتقۇ بىلىك» نىڭ بىرىنچى قېتىم ئاشكارىلىنىشى:

بۇ چاغ ئەسەرنىڭ تۇنجى قېتىم يېزىلىپ قەشقەر سۇلتانى تاۋغاچ ئۇلۇق بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلان خانغا تەقدىم قىلىنغان ۋاقتىدۇر. بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 462: مىلادى 1069 ـ 1070 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەسەر خان ئالدىدا ئوقۇلغاندىن كېيىن خان ئۇنى ئېتىرىزلاپ، قىممەتلەپ ئەسەر ئىگىسىگە «خاس ھاجىپ» لىقتەك زور دەرىجىدە يۇقۇرى ئۇنۋان بەرگەنلىكى بۇ كىتاپ قىممىتىنىڭ جانلىق گۇۋاچىسىدۇر.

ئىككىنچى قېتىم ئاشكارىلىنىشى:

بۇ، ئەسەر ئىجات قىلىنىپ، نامەلۇم سەۋەپ بىلەن بىر قانچە ۋاقىت يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئاستىدا قالغاندىن كېيىن قايتا تۇغۇپ چىققان دەۋردۇر. بۇ ھالنى بىزگە پەرغانە نۇسخىسىنىڭ بېشىغا يېزىلغان مەنزۇم ۋە مەنسۇر مۇقەددىمىلەر كورسىتىپ بېرىدۇ. نەزمي مۇقەددىمىنىڭ يېزىلىشى تەئلىق دەۋرىدىن ئانچە بەك ئۇزاق ئەمەسلىگىنى كورسىتىدۇ، چۈنكى نەزمي مۇقەددىمىنىڭ تىلى «قۇتاتقۇ بىلىك» تىلىدىن كوپ پەرقلىق ئەمەس. بۇ مۇقەددىمىلەردىمۇ كىتاپقا مانا مۇنداق قىممەتلىك باھا بېرىلگەن:

9. يىمە بو كىتاب ئولتىزى ئوك ئازىز
بىلگىلىككە بولغاي بىلىگدىن تەگىز

يەشمىسى يەنە بۇ كىتاپتۇر ناھايەت ئېزىز،
ئالىملەرگە بولغاي بىلىمدىن دېڭىز.

10. يېزەنمىش ئاغىرلىغ بىلىگلەر بىلە
قالى كىم شۇكۇر قىل، قانائەت تىلە

يەشمىسى: بىزەلگەن ئۇ قىممەت بىلىملەر بىلە ،
ئى ئادەم، شۈكۈر قىل، قانائەت تىلە.

11. قاموغ بارچە سىنىڭا بوگولەر سوزى
تىزىپ يىنجۇلەيۈ ماموغ توپ توزى

يەشمىسى: ھىكمەلەر سوزىنى ھەمەگە يېزىپ،
گۆھەر ئۈنچىلەردەك قويۇپتۇ تىزىپ.

12. بو مەشرىق مەلىكى ماچىنلار بېگى
بىلىگلىگ ئوقوشلوغ ئاجوندا يىگى

يەشمىسى: ماچىنلار بېگى شەرق سۇلتانلىرى،
بىلىملىك ئاقىل، دۇنيا ياخشىلىرى.

13. قاموغ بو كىتابنى ئالىپ ئوزلەمىش
غەزىنە ئىچىندە ئوروپ كىزلەمىش

يەشمىسى: جىمىسى كىتاپنى ئوزىنىڭ قىلىپ،
يوشۇرغان خەزىنە ئىچىگە تىقىپ.

14. بىرىسىنىدىن - بىرىنىڭە مىراسلار قالىپ
ئازىنىلارقا بىرمىز توزىنىڭە ئالىپ

يەشمىسى: بىرىدىن - بىرىگە مىراس قالدۇرۇپ ،
بولەكلەرگە بەرمەس ئوزىگە قويۇپ.

15. ئاسىخلىغ تورور بو يوق ئول ھىچ ياسى
ئوكوش توركلەر ئۇقماز مونىڭ مەنىسى

يەشمىسى: ئېرۇر پايدىلىق ھىچ زىيان ئۇندا يوق،
تولا تۈركلەر مەناسىن ئۇقماس تولۇق.

18. ماچىنلار ھەكىمى بو چىن يومغىسى
توزو بارچا ئايمىش مونىڭ ياقشىسى

يەشمىسى: ماچىن چىن ھېكمى ئۇلار بارچىسى،
گۈزەل دېيىشىپ ماختىدى ھەممىسى.

19. بو مەشرىق ئىلىندە قاموغ تۈرك چىن
مونى تەگ كىتاب يوق ئاجۇندا ئازىن

يەشمىسى: پۈتۈن تۈرك چىن شەرق ئىلىدە دېمەك،
مۇنىڭدەك كىتاپ يوق جاھاندا بولەك.

23. بو بوغراخان ۋاقتى ئىچرە ئانى
يىمە خان تىلىنچە بو ئايمىش مونى

يەشمىسى: بۇ بۇغراخان ۋاقتى مۇئەللىپ ئۇنى،
يەنە خان تىلى بىرلە ئەيتمىش مۇنى.

24. مونى تەگ كىتابنى كىم ئايمىش ئوزا.
كىزدىنمە كىم ئايغاي مونى تەگ توزا

يەشمىسى: مۇنىڭدەك كىتاپنى كىم ئېيتقان ئەۋۋەل،
كېيىن كىممۇ ئېيتار مۇنىڭدەكنى دەل.

27. ئول ئىلىنىڭ بوگوسى ھەكىمى توروپ
ئات ئورمىش ئول ئىلىنىڭ توروچە كوروپ

يەشمىسى: ھەر ئەلنىڭ بىلىملىك ھېكمى تۇرۇپ،
ئوتتۇپتۇ شۇ ئەل رەسمىچە ئات قويۇپ.

28. چىنلەر «ئەدە بول مولوك» تىپ ئايار
ماچىنلار «ئەنسول مەمالىك» ئاتار

يەشمىسى: بۇ چىنلىق «ئەدە بۇل مولۇك» ئاتىدى،
ماچىنلىق «ئەنسۇل مەمالىك» دىدى.

29. بو مەشرىق ئىلىندە ئولوغلار مونى
«زىننەتول ئومەرا» تىيورلەر كونى

يەشمىسى: بۇ شەرق ئەللىرىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى،
«زىننەتول ئۇمىرا» دىدىلەر كۈنى.

30. ئىرانلىقلار شاھنامە تىرلەر موگار
تورانلىق «قوتاتقۇ بىلىك» تىپ ئوقار

يەشمىسى: ئىرانلىقلار «شاھنامە» دەپ ئاتىشار،
تۇرانلىق «قۇتاتقۇ بىلىك» دەپ ئاتار.

«قۇتاتقۇ بىلىك» نىڭ 3-قېتىم تارىخنىڭ قاراڭغۇ پەردىسى ئارقىسىدىن يورۇقلۇققا چىققانلىقىنى نەسرىي مەقەددىمىدىن بىلىمىز. چۈنكى بۇ نەسرى مۇقەددىمەنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا قارىغاندا ۋە نەزمىي مۇقەددىمىدە "ئەقىل" ئورنىغا "خىرەد" (پارىسچە)، مەلىك ئورنىغا "شاھ" دەپ ئېلىنغانلىقى، ئەسەرنىڭ نەزمىي مۇقەددىمە، يېزىلغاندىن كېيىن مەلۇم زامان يوقۇلۇپ كەتكەنلىكى، كېيىن ئوتتۇرىغا چىققاندا بۇ نەسرى مۇقەددىمىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ(نەسرىي مۇقەددىمەنىڭ مەلۇم جايلىرى يۇقۇرىدا بېرىلدى)، بۇ مۇقەددىمەدىمۇ ئەسەرگە يۈكسەك باھا ¹بېرىلگەن.

نەزمىي، نەسرىي 2 مۇقەددىمە ئارىسىدىكى يېزىلىش ئۇسلۇبى، سۆز قوللۇنۇشلىرى 2 - ۋە 3-جانلىنىشنىڭ بىر - بىرىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى تەخمىن قىلدۇرىدۇ.

4 - قېتىملىق ئاشكارىلىنىشى:

1914 - يىلى ئۆزبەك ئالىمى فىترەت تەرىپىدىن تېپىلىپ ئېلان قىلىنىش بىلەن باشلانغان. شۇندىن كېيىن ئىلىم دۇنياسى بۇ ئەسەرگە ناھايىتى قىزىقىپ بېرىشتى. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نۇرغۇن ئالىملار بۇ كىتاپ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئۆمۈرلىرىنى سەرپ قىلىشتى ۋە قىلىشماقتا. ئۇنىڭغا ئۆزلىرى چۈشەنگەنگە قەدەر باھا بېرىشمەكتە. بۇ كىتاپقا قانداق قەدىر-قىممەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى تۆۋەندىكى 3 تەتقىقاتچىنىڭ سۆزى ئىسپاتلايدۇ. 18 يىل « قۇتاتقۇ بىلىك » نى تەتقىق قىلىپ، بۇ ساھەدە ئالقىشقا سازاۋەر ئىلمى ئىش قىلغان رەشىت رەھمەتى ئارات شۇنچە ئىشنى ئىشلىگەندىن كېيىن: "« قۇتاتقۇ بىلىك » تېخى قول تەگمىگەن بىر ئابىدە ھالىتىدە تۇرماقتا. " دەپ جاھانغا ئېلان قىلدى.

ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن « قۇتاتقۇ بىلىك » نى نەشرگە تەۋسىيە قىلغان قەييۇم كېرىمۇف«قۇتاتقۇ بىلىك»ئۈستىدە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن چۈشەنچىلىرىنى بەرگەندىن كېيىن: "« قۇتاتقۇ بىلىك » نىڭ قىممىتىنى مەۋجۇت مىزانلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ " دەيدۇ.

«قۇتاتقۇ بىلىك» تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى تۈركىيىلىك ئا. دىل ئاچار: "«قۇتاتقۇ بىلىك »-پارىلداپ تۇرغان كۈچلەر بىلەن تولغان بىر شاھەردۇركى، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قاماشىدۇ. ھەم-

مە كوچىلارنى تاماشا قىلىپ چەقىش تېخى ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولغىنى يوق. ھەر كىم ئۆزى كورـ
گەن كوچىسىنى تەرىپلەۋاتىدۇ» دەيدۇ.

## « قۇتاتقۇ بىلىك » نىڭ ھازىر بار نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشلىرى

ھازىر دۇنيادا « قۇتاتقۇ بىلىك » نىڭ 3 نۇسخىسى بار:

1. ۋېنا ياكى ھىرات نۇسخىسى
2. پەرغانە ياكى نەمەنگان نۇسخىسى
3. مىسىر ياكى قاھىرە نۇسخىسى

يۇقۇرقىلارنىڭ ھەر بىرى تېپىلغان ياكى كوچۇرۇلگەن ئورۇنلىرىغا قاراپ شۇنام بىلەن ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنياغا دەسلەپ مەلۇم بولغىنى ھىرات نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا ھىراتتا كوچۇرۇلگەنـ لىكتىن، ھىرات نۇسخىسى، ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانلىقتىن، ۋېنا نۇسخىسى دېيىلىدۇ. بۇ نۇسخا ئەرەپ ھەرپى بىلەن كوچۇرۇلگەن نۇسخىدىن ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كوچۇرۇپ ئېلىنغان. كوچۇرۇلۇش ۋاقتى « قۇتاتقۇ بىلىك » يېزىلغان تارىختىن 370 يىل كېيىن ، بۇ نۇسخە باشتا توكات ۋىلايىتىگە ، ئاندىن كېيىن 879 ـ ھېجرىيە ، 1474 ـ مىلادىدا ئىستانبۇلغا كىرگەن . ئاۋىستىرىيىلىك شەرق ـ شۇناس ھامىر بۇرگىستال ۋېناغا ئېلىپ بېرىپ، ۋېنا كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان . ۋېنگىرىيە ئالىمى ئارمىن ۋامبېرى ، رۇس ئالىملىرىدىن رادلوفلار 19 ـ ئەسىر ئاخىرلىرىدىن تارتىپ پارچىلاپ تەر ـ جىمە قىلىپ دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

2 . پەرغانە نۇسخىسى : « قۇتاتقۇ بىلىك » نىڭ ھازىر مەۋجۇت نۇسخىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ئىشەنچىلىك نۇسخە ــ مۇشۇ نۇسخىدۇر . بۇ نۇسخىنى 1914 ـ يىلى زەكى ۋەـ لىدى نەمەنگاندىن تېپىپ ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئۇستىدە بىر ئاز ئىشلىگەن ، شۇڭا بۇ نۇسخىنى نەمەنـ گان نۇسخىسى دەپمۇ ئاتايدۇ.

شۇندىن بىر قانچە ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن بۇ نۇسخە مەلۇم زامان ئىزسىز يوقۇلۇپ كەتـ كەن ، كېيىن پىروفېسسۇر فىترەتنىڭ قولىغا چۇشكەن ، ئۇ « مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى » ژورنىلىدا بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئومۇمى مەلۇمات بىلەن بۇ نۇسخىنىڭ 145 ـ بېتىنىڭ فوتو سۇرەتكە ئېلىنغان فاكسىمىلىنى بەرگەن . نۇسخە ھەققىدە يېزىلغان بۇ ماقالىدىن بەتلىرىنىڭ چېچىلىپ قايتا تۇپلەنـ گەنلىكىنى ، رۇبائىلارنىڭ ئالتۇن سۇيى بىلەن يېزىلغانلىغىنى بىلگىلى بولىدۇ . زەكى ۋەلىدى بۇ نۇسخىنى نەمەنگاندا بىر شەخسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا كورۇپ قېلىپ ، بۇ توغرىدا مەلۇمات يازغان . باش ـ ئايىغى تولۇق ئەمەس ، كىم ئۇچۇن ، كىم تەرىپىدىن يېزىلغان بەتلەرمۇ يوقاپ كەتكەن . يېزىلغان ۋاقىت ، تارىخىمۇ تەخمىنى . فىترەت خەتنىڭ چىرايلىقلىغىغا قاراپ ، ھىرات نۇسخىسىـ دىن بۇرۇن كوچۇرۇلگەن دەپ تەخمىن قىلىدۇ . ئەرەپ يېزىغى مۇتەخەسسىسى مورتىز بۇ شەكىلدىكى ئەرەپ ھەرپلىرىنىڭ VI ــ VII ئەسىرلەردە ئىراندا مەۋجۇتلىغىغا ۋە بۇ شەكىلنىڭ سۇرىيە ، مىسىردا نەيىوبىلەر زامانىسىدا (1174 ــ 1252 ، 569 ــ 650 ) ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ پەرغانە نۇسخەـ

سىنىڭ مىسىر نۇسخىسىدىن ئىلگىرى، بەلكى VII .. ھىجرىيىدە ( ياكى ھىجرىيىنىڭ 700 ـ يىللىرىدا) يېزىلغانلىقىنى گۇمان پەرەز قىلىدۇ . سەرلەۋھە ۋە رۇبائىلەرنى ئالتۇن سۈيى بىلەن يازغان بەزى ئوخشىماسلىقلارغا قاراپ بۇ نۇسخە قارا خانىلار دۆلىتىنىڭ جانلىق گۈللەپ ـ ياشنىغان دەۋرلىرىدە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلماقتا . 1 ـ 2 كام بەتنى ھىساپقا ئالمىغاندا ، بۇ نۇسخا بەك ياخشى ۋە تولۇق ساقلانغان.

3 . مىسىر نۇسخىسى؛

بۇ نۇسخە 1896 ـ يىلى قاھىرەدىكى خىدىۋ ( سۇلتانلىق ) كۇتۇپخانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇدىرى مورتىز تەرىپىدىن كۇتۇپخانا كىتاپلىرىنى رەتلەشتە چۇۋۇق ھالدا تاشلاپ قويۇلغان رەتسىز قەغەز پارچىلىرى ئارىسىدىن تېپىپ ئېلىنغان. ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ رەتلىگەن.

رادلوفنىڭ مەلۇماتىچە بۇ كىتاپنىڭ بەتلىرى 36 ـ 35 سانتىمېتىر ،قۇرلىرى 18.5 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 1.5 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، ئوقۇشقا ئاسان ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان. كىتاپنىڭ باش بېتى، سەرلەۋھە، رۇبائىلار ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلىپ نەقىشلەنگەن.

## 7. « قۇتاتقۇبىلىك » تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان دۆلەتلەر ۋە ئالىملار

« قۇتاتقۇبىلىك » ـ ئۆزى ئىجات قىلىنغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قەدىرلەپ تەتقىق قىلىپ كەلگەن بىر ئەسىرىدۇر.

« قۇتاتقۇبىلىك » نى تەتقىق قىلىش 19 ـ ئەسىرنىڭ 1 ـ چارىكىدە كەڭ قانات يېيىشقا باشلىدى. شۇندىن كېيىن ۋاقىت ـ كۈنى ئوخشاش بولمىغان ئىلگىرى ـ كېيىنلىك بىلەن دانىيە، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، چاررۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە «قۇتاتقۇبىلىك» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى باشلاندى. گېرمانىيىلىك ئالىم ئوتتو ئولبېرت، ۋېنگرىيىلىك ئالىم ۋامبېرى، رۇسلاردىن س. ئې. مالوف، ۋ. رادلوف، بارتولد، سامايلوۋىچ، ئىتالىيىدىن بومباچى، تۈركلەردىن رەشىت رەھمەتى ئارات، ئا. دىل ئاچار، سەدرى مەقسۇدى، نەجىب ئاسىم كوپرۇلى پۇئات زادە، ئۆزبەكلەردىن فىترەت زەكى ۋەلىدى، دانىيىدىن تۇمسىن، بروكىلمان ھارتمانغا ئوخشاش ئالىملار « قۇتاتقۇبىلىك » ساھەسىدە نۇرغۇن ئىشلەشتى. تۈركىيە تىل قۇرۇمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ ئەسەرنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشتى. ئەنگلىيە، گېرمانىيىلەردە ئايرىم باپلىرى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇلار ئۆز كىتاپخانا ۋە مۇزېيخانىلىرىنى بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىلەن تەمىنلىمەكتە. يېقىندىن بۇيان ياپونىيىنىڭ ھەم « قۇتاتقۇبىلىك » تەتقىقاتى ئۈچۈن كىرىشكەنلىك خەۋىرى ئاڭلانماقتا.

## 8. « قۇتاتقۇبىلىك » يېزىلغان زامان

قانداق بىر ئەسەر بولسۇن ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن دەسلەپ شۇ ئەسەر يارىتىلغان زامان بىلەن تونۇشۇش كېرەك بولىدۇ. چۈنكى يازغۇچىنىڭ ئىجادى ھەر قاچاندا ئۇنى ئوراپ تۇر-

غان مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا «قۇتاتقۇبىلىك» نى ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپىنى چۈشىنىشتە، شۇ ئەسەر ئىجات قىلىنغان زامان بىلەن بىر قۇر ئاشىنا بولۇش لازىم.

«قۇتاتقۇبىلىك» قاراخانىلار زامانىسىدا يېزىلغان. قاراخانىلار سۇلالىسى يۇقۇرقى چېگرىدىن خەزەر دېڭىزىغىچە بولغان كەڭرى زېمىننى ئىشغال قىلغان بىر سەلتەنەت بولۇپ، 890- يىلدىن 1222- يىلغىچە 332 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «قۇتاتقۇبىلىك» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ 180 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت قاراخانىلارنىڭ گۈللىنىپ كامالىغا يەتكەن (ئىچكى قارىمۇ - قارشىلىق بىلەن تولغان بولسىمۇ) كۈنلىرى بولۇپ، ئىلىم مەرىپەت، مەدەنىيەت ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ياشناپ تەرەققى قىلىۋاتقان، ھەر ساھەدە ئالىملار يېتىشىپ چىققان بىر زامان بولغان، لېكىن، ئەپسۇسكى، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ پىكىر ۋە سەنئەت ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «قۇتاتقۇبىلىك» «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن زورراق باشقا ئەسەرلەر قولغا چۈشمىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى زور دىققەت بىلەن قاراپ چىققان بار تولدمۇ قاراخانىلار دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن مەجمەددىن مۇھەممەت بىن ئادنانىڭ «تۈركىستان ۋە خىتاي» ناملىق ئەسىرىنى، مۇھەممەت بىن ئەلىنىڭ «ھاكىمىيەتنىڭ سىياسى مەقسەتلىرى» دېگەن ئەسىرىنىلا كۆرسىتەلىگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈچ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ سۇلالىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خان ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغرا قارا خاندۇر. بۇ كىشى سامانىلار خانىدانىغا مەنسۇپ شاھزادە ناسىرنىڭ تەسىرى بىلەن 12 ياشتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، 25 ياشتا قاراخانىلار تەختىدە ئولتۇرغان. ھىجرىيە 344- يىلى، مىلادى 960- يىلدا ۋاپات بولۇپ ئاتۇشتا دەپنە قىلىنغان.

بۇ دەۋرلەردە قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ 2 پايتەختى بولۇپ، بىرى-قەشقەر (ئوردۇ كەنت)، يەنە بىرسى بالاساغۇن (كۆز ئوردۇ) ئىدى. «قۇتاتقۇبىلىك» ئەسىرى مۇشۇ قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدە 462- ھىجرى، مىلادى 1069- 1070-يىللاردا خان بولۇپ تۇرغان، قەشقەر تەختىدە ئولتۇرۇغلۇق تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ئىبىن سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىنغان. «قۇتاتقۇبىلىك» مانا شۇ ئىجتىمائى مۇھىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، «قۇتاتقۇبىلىك» نىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھاياتى، دىنىي ئېتىقاتلىرى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، جەمئىيىتىنىڭ بۇلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى كەڭ چۈشىنىش كېرەك. بۇنىڭسىز «قۇتاتقۇبىلىك» نىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىش قېيىن، بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز.

## 9. «قۇتاتقۇبىلىك» نى مۇئەللىپ قانداق ھەرپتە يازغان؟

بۇ مەسىلە ھازىرغىچە «قۇتاتقۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ 2-سى (بۇ ھەل بولمىغان مەسىلىلەر: 1. ۋەزنى؛2. قانداق ھەرپتە يېزىلغانلىقى؛3 .مۇقەددىمەلەر كىمنىڭكى ئىكەنلىكى)

«قۇتاتقۇبىلىك» يېزىلغان زاماندا قەشقەر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە جايلاردا ئىسلامىيەت ئاساسلىنىپ، ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ئېتىۋارغا ئېلىنسا، بۇ يەرلەردە ئەرەپ ھەرپى بىلەن

ئۇيغۇر ھەرپىنىڭ بىر قاتاردا يۈرگۈزۈلۈش تەرتىپىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. «قۇتادغۇبىلىك» تەقدىم قىلىنغان خاقانىيە ھۆكۈمدار دەۋرىدە، يەركەندە يېزىلغان ھۆججەت ۋە مەھكىمە خەتلىرىدە ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىرى بولغاندەك، ئەرەپ ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىرىمۇ بار بولغان. گۇۋالار-نىڭ بەزىلىرى ئەرەپ ھەرپى بىلەن ئىمزا قويسا، بەزىلىرى ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن ئىمزا قويۇش-قان. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولسا بۇ ھەر ئىككى ھەرپتىن تولۇق خەۋەردار بولغانلىقى چوقۇم. بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى رەسمىي ئىلاۋىلەردە قايسى ھەرپنىڭ ئاساسىي ھەرپلىكىنى ئىسپاتلاشتا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتىغان " ئۇيغۇر ھەرپى» شۇۋاقىتتا تۈركلەر ئارىسىدا باشقا قوللىنىپ كەلگەن يېزىقلىرى بىلەن بىللە ئالاھىدە بىر يېزىق بولۇپ قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان جايلاردىكى ھاكىملار يارلىقلىرىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ھەرپىنىڭ ھاكىم ئورنىدا تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ. ئەرەپ ھەرپلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققانلىقى نامەلۇم. ئۇيغۇر ھەرپى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتۇن ئوردا، ئىران تەۋەلىرىدىكى دۆلەتلەردە XVII ئەسىرگىچە، بەزى چاغلاردا ئىستانبولدا فاتىھ سۇلتان ۋاقتىغىچە قوللىنىلغان ئەھۋالغا قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇغرا خانغا تەقدىم قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ھازىرچە توغرا. يۇقۇرقىلار — رەشت رەھمەتى ئاراتنىڭ مۇلاھىزىسى.

ئەمدى بىر قانچە ئالىملار بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدۇ. شۇ جۈملىدىن س. يى. مالوف: مۇئەللىپ ئەڭ ئاۋال ئۆز ئەسىرىنى ئەرەپ ھەرپى بىلەن يازغان دەيدۇ.

يەنە قاھىرە ۋە نەمەنگان نۇسخىلىرىدە شۇ زامان يادىكارلىقى بولغان «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكىگە ئوخشاش فونېتىك ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىقى بۇ دەۋردىكى نۇرغۇن باشقا ئەسەرلەرنىڭ ئەرەپ ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، شۇ دەۋردىكى ئەرەپ يازۇسىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى، ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «ھىرات نۇسخىسى» نىڭمۇ XV ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن ئەرەپ نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىگە قارىسا، ئەرەپ يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنى كونىراق دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، مۇشۇلارغا قاراپ مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى ئەرەپ يېزىقىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق بىر بېيىت بار:

1953 بەگ ئاتى بېلىگ بىرلە باغامغ ئىرور
بىلىگ لامى كەتسە بەگ ئاتى قالور

يەشمىسى: بەگ ئاتى بېلىك بىرلە باغلىق قالۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە بەگ ئاتى قالۇر.

بۇ بېيىتتە شائىرنىڭ كۆرسەتكەن سۆز ئويۇنى ئەرەپ ھەرپىگىلا خاس. شائىر بەگ ئېتى بىلىگ بىلەن بىر. قارىمامسەن بىلىگدىن «لام» ھەرپىنى چىقىرىۋەتسە بەگ بولىدۇ. بەگكە «لام»

نى قوشسا بىلىك بولىدۇ. دېمەك، بەگ بولۇشقا بىلىم كېرەك. بىلىم بولمىسا بەگ بولالمايدۇ دەيدۇ. ئەرەپ ھەرپى بىلەن ئويناشقا بولىدىغان بۇ سوزئويۇنىنىڭ شائىر قەلىمى بىلەن ئەسەردە كورۇلۇشى «قۇتاتقۇبىلىك» بىرىنچى قېتىم ئەرەپ ھەرپى بىلەن يېزىلغان دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

بۇ ماقالە ئىگىسىھەم مۇشۇ پىكىرگە قوشۇلۇش بىلەن ئۇنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق بىر مىلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئەسەرنىڭ ئەرەپ ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەرنىڭ ئەنئەنە، ئەدەبىيات، مەدەنىيەتلىرىگە تۇتقان ئاساسي مەيدانى بىلەن باغلاپ كوزدىن كوچۇرۇش تەھلىل قىلىش زورۇر. چۇنكى ئىسلامىيەت ئوزىدىن ئىلگىركىلەرنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئەڭ ئاۋال تەلەپ قىلىدىغان نەرسىسى — ئىدىيىدە ئىس- لام بىلەن بىر بولۇش. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىسلامىيەت كەلگەنلا يەردە ئىدىيىنىڭ ئاساسى بولغان ما ئا- رىپ - مەدەنىيەتنى ئوزگەرتىشكە تىرىشقان. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، شائىر ئوزى مۇسۇلمان تۇرۇق- لۇق، دىندارمۇسۇلمان بىر خانغا قانداق قىلىپئوز ئەسىرىنى مۇسۇلمان بولمىغان ۋاقىتتىكى ھەرپ بىلەن يېزىپ تەقدىم قىلالىسۇن!؟ بۇنداق ھەرپ بىلەن يېزىلغان كىتاپ قانداق بىر مۇسۇلمان خا - ننى رازى قىلالايدۇ! شائىرنىڭ ئوز ئەسىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان غەي- رى مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن ھەرپ بىلەن يېزىپ تەقدىم قىلىشى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئە - گەر „ مۇئەللىپ ئەرەپ ھەرپىنى بىلمەيتتى » دېيىلسە، بۇ باشقا گەپ ئىدى. ھالبۇكى، ئەسەر ئىگى- سى ھەر ئىككى خىل ھەرپنىڭ ئالىمى ئىدى. دېمەك: « قۇتاتقۇبىلىك » تۇنجى قېتىم ئەرەپ ھەرپى بىلەن يېزىلغان بولۇشى ھەر ھالدا ئېھتىمالغا يېقىن. لېكىن بۇ مەسىلىنىتا „قۇتاتقۇ بىلىك»يۇسۇپ خاسھاجىپ ئوزى يازغان نۇسخە تېپىلمىغۇنچە ئوزۇل - كېسىل ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## 10 ● مۇئەللىپنىڭ تەپەككۇرى

بۇ ماۋزۇ « قۇتاتقۇبىلىك » نى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى چۇشىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۇنكى يازغۇچىنىڭ تەپەككۇر مەيدانى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر مەھسۇلى بولغان ئىجادىغا باھا بېرىش قىيىن.

بىز بۇ ئەسەر ئىجاتچىسىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنى چۇشىنىشتە يىپ ئۇچىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئىجادى ئىچىدىن تېپىپ ئالالايمىز.

ئەسەرنىڭ كورسىتىشىچە: مۇئەللىپ — ھەقىقى ئىنسانپەرۋەر، كىشىلىك بەخت - سائادىتىنى مەق- سەت قىلغان بىر مۇتەپەككۇر، „ پۇتۇن ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى — ياخشىلىق قىلىش » دەپ بىلگەن، „ كىشىنى سائادەتلىك قىلىدىغان نەرسە — بىلىم » دەپ چۇشەنگەن، „ يۇرت - ئەل ئاۋاتلىقى — ئادالەت » دەپ تونىغان، ئادالەتنىڭ ئاساسى توغرا قانۇن دەپ بىلگەن، ياخشىغا ياخشى، يامان- غا يامان بولۇش كېرەك دەپ ھېساپلىغان. ئىنساننىڭ كامىللىقى — ئۇنىڭ ئالىملىقىدا دەپ مۇقەر- رەرلەشتۇرگەن، نادانلىقنى قاتتىق ھاقارەتلىگەن، پۇتۇن ھورمەتنى ئېقىلغا بېغىشلىغان، كىشىلەرنى ناچار خۇلۇقلاردىن توسقان، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۇستىدە

چىقارغان خالىس باھا ۋە ھوكۈملىرى دەپ تونۇلغان، كىشى ئەبەدى ھاياتقا ئوزىنىڭ قالدۇرغان ياخشى ئىزلىرى بىلەن ئېرىشىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن. ئوزىمۇ بۇنى ھەس قىلىپ ئوزى ئۈچۈن بۇزۇلماس بىر ئابىدە - «قۇتاتقۇبىلىك» نى قالدۇرۇشنى تەپەككۇر قىلالىغان. بىۋاپا دۇنياغا ئالدىنىپ بولمايدىغانلىقىنى تونۇغان. شاھلارنى تىل نەيزىسى بىلەن سانجىيالىغان، ھەممىگە تەڭ شەپقەت قانىتىنىڭ يېيىلىشىنى ئىستىگەن، كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت يولىنى كورسەتكەن، كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدىلىق بولغىنى دەپ ئىشەنگەن، مۇشۇ نۇقتىلارنىڭ بارلىقى شائىرنىڭ پىكىر مەھسۇلاتى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەپەككۇرىمۇ ئەلۋەتتە شۇلاردىن ئىبارەتلىكى ئېنىق. مانا ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستا يازغانلىرىدىنىڭ بەزىلىرى:

ياخشىلىق توغرىسىدا:

228. كىشى مەنگو بولماز بو مەنگو ئاتى
ئانىن مەنگو قىلدى بو ئەزگو ئاتى

يەشمىسى: كىشى مەڭگۈ بولماسكى، مەڭگۈ ئېتى،
ئۇنى مەڭگۈ قىلدى، بۇ ياخشى ئېتى.

923. ئەي ئەزگو ساڭار كىم توزار ئاي ماڭا،
بەرو كەلگىل ئەمدى مەن ئاچمەن ساڭا.

يەشمىسى: ئى ياخشى ساڭا كىم تويار ئەيىت ماڭا.
يېقىن كەلگىل ئەمدى مەن ئاچمەن ساڭا.

925. ئىسىزلىك بىلە ئەرسە بەگلىك ماڭا
كەرەكمەز بو بەگلىك قوزورمەن ساڭا

يەشمىسى: يامانلىق بىلەن كەلسە بەگلىك ماڭا،
كېرەكمەس بۇ بەگلىك قويارمەن ساڭا.

226. ئاپاڭ ئىكى ئاجون قولور ئەرسە سەن،
ئوتى ئەزگولوك ئول قىلور ئەرسەسەن.

يەشمىسى: ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك،
ئامالى ئىرۇر ياخشىلىق ئەيلىمەك.

227. قالى ئەزگو بولماق تىلەسە ئوزوڭ
يورى ئەزگولوك قىل كەسىلدى سوزوڭ

يەشمىسى: ئەگەر ياخشى بولماق تىلسەڭ ئۆزۈڭ،
يۆرى ياخشىلىق قىل بەس ئەيلە سوزۆڭ.

222. كىم ئەزگوگ يىېرەر ئەرسە ئىسىر بولوپ
تىلەرمەن ئى ئەزگو سىنى مىن قولوپ

يەشمىسى: پەقەتلا يامان خار كورەر ياخشىنى،
ئى ياخشى مەن ئىستەپ خالايمەن سىنى.

924. نەچە ساتغاغ ئەرسە بو ئەزگو كىشى
تاپى مەن بولايىن بو ئەزگو ئەشى

يەشمىسى: ئەگەر قانچە خارلانسا ياخشى كىشى،
رىزامەن بولۇشقا ئۇنىڭ يولدىشى.

بىلىم توغرىسىدا:

260. نەگو بار ئاجوندا بىلىگدە كوسوش
بىلىگسىز تىمە، ئەركە كوركسىز سوكوش

يەشمىسى: جاھاندا نىمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دىسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

313. بىلىگ بايلىق ئول بىر چىغاي بولغو سىز
تەگىپ ئوغرى تەۋلىگ ئانى ئالغوسىز

يەشمىسى: بىلىم بايلىق ئول پەقىر بولمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

157. بىلىگسىز كىشى بارچا ئىگلىگ بولور
ئىگىگ ئەملىمىسە كىشى تەرك ئولور

يەشمىسى: بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىقبولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلائۆلۇر.

.302 ياغىز يەر ئوزە يالڭوق ئوغلى قويدى ئىلىگ
كوتوردى قاموغقا يتوردىبىلىگ

يەشمىسى: كىشى ئوغلى سۇندى قوڭۇر يەرگەقول،
بىلىم بىرلە ھەر نەرسىگە تاپتى يول.

.314 كىشەن ئول كىشكە بىلىگ ھەم ئوقوش
كىشەنلىگ ياراغسىزقا بارماز ئوكوش

يەشمىسى: كىشىگە ئىقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس، سېلىنسا كىشەن.

توغرا قانۇن ھەققىدە:

.3463 بو كوك تىرگوكى ئول كونىلىك تورو
تورو ئارتاسا كوك توروماز ئورو

يەشمىسى: ئادىل قانۇن ئۇ كوككە تۈۋرۈك تىرۈر
بۇزۇلسا قانۇن، ئاسمان يىقىلۇر.

.3464 تورولوغ بو بەگلەر يوق ئەرسە تىرىگ
بايات بوزغاي ئەردى يەتى قات يىرىگ

يەشمىسى: يوقالسا قانۇنلۇق بۇ بەگ دۇنيادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

ياخشىغا ياخشى، يامانغا يامان بولۇش توغرىسىدا:

.4610 سېنى سىز تىسەلەر ئانى سىز تىگىل
تاقى ئاندا يىگرەك يانوت سوزلەگىل

يەشمىسى: سېنى سىز دىسەلەر، ئۇنى سىز دىگىل.
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاپ سوزلىگىل،

4311. قىبا ياڭقوسىدىن توۋەن بولماغىل
سېنى سەن تىسەلەر ئانى سەن تىگىل

يەشمىسى: قىيا ياڭقۇ (ئەكس سادا) سىدىن توۋەن بولمىغىل.
سېنى سەن دىسەلەر، ئۇنى سەن دېگىل،

208. قاموغ ئەزگولوكلەر بىلىگ ئاسىغى ئول
بىلىگ بىرلە بولدى مىسال كوككە يول

يەشمىسى: بۇتۇن ياخشىلىقلار بىلىم نەپئى ئول.
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كوككە يول.

نادان توغرىسىدا:

318. بىلىگسىزكە بىلىگى قىلىنچى ياغى
ئازىن بولماسا تاپ بو ئىكى چوغى

يەشمىسى: نادانغا يىتەر بىلگىنى - ئەتكىنى؛
يېتەر شۇ بولەك بولمىسا دۇشمىنى.

320. توقوشلۇغ كىشىكە ئەشى تاپ ئوكوش
بىلىگسىز كىشىكە ئاتى تاپ سوكوش

يەشمىسى: ئاقىللىغا ئوز ئەقلى ئوڭا ئەش ① يارار،
نادانغا ئېتى بەس قاغىش ياغدۇرار.

ئەقىل توغرىسىدا:

228. توقوش ئول يولا تەگ قاراڭغۇ تونى
بىلىگ ئول ياروقلۇق ياروتتى سېنى

① ئەش - قېرىنداش.

يەشمىسى: ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلسەم ئۇ يورۇقلۇق يورۇتقاي سېنى.

.297 ئوقوشلوق تورور بو ئاغىرلىق ئىتىگ
ئوقوشسوز كىشى بىر ئاۋوچچا تىتىگ

يەشمىسى: ھورمەت ئەقىلدىن باشقىغا بولمىغاي،
ئېقىلسىز كىشى ئۇ ـ بىر ئوچۇملا لاي.

.2455 ئوقوشسىز كىشى ئول يىمىشسىز يىغاچ،
يىمىشسىز يىغاچىغ نەگو قىلغاي ئاچ.

يەشمىسى: ئېقىلسىز كىشىدۇر يىمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يىمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ.

تىل توغرىسىدا :

.167 سوزوڭنى كوزەتكىل باشىڭ بارماسون
تىلىڭنى كوزەتكىل تىشىڭ سونماسون

يەشمىسى : سوزۇڭنى كۇزەتكىن بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۇزەتكىن چىشىڭ سۇنمىسۇن.

.169 ئىسەنلىك تىلەسە ئوزوڭگە ئوزوك
تىلىڭدە چىقارما ياراغسىز سوزوك

يەشمىسى : ئېسەنلىك تىلىسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما يارامسىز سوزۇك.

170 بىلىپ سوزلىسە سوز بىلىگكە سانور
بىلىگسىز سوزى ئوز باشىنى يىيور

يەشمىسى : بىلىپ سوزلىسە سوز بىلىم سانىلۇر،
بىلىمسىز سوزى ئوز بېشىنى يىيۇر.

مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا :

1535. ئىكى كوڭلوك ئەرتەر ئاجونوغ بولوپ
نەلوك كەردى كوكسىن قايا تەگ بولوپ

يەشمىسى : ئىككى كۆڭلۈك ئۆتكۈنچى دۇنيا كورۇپ ،
نۆچۈك كەردى كوكسىن قىيا تاش بولۇپ .

2116. كوۋەزلىك بىلە كوككە ئاغماز كىشى.
قالى قوزقى بولسا بوزولماز ئىشى

يەشمىسى : تەكەببۇر بىلەن كوككە چىقماس كىشى .
كىچىك پىشىل بولسا بۇزۇلماس ئىشى.

شائىر ھەققىدە:

4393. قىلىچتا يىتىگرەك بولارنىڭ تىلى
يانا قىلدا يىنچكە بو خاتىر يولى

يەشمىسى: قىلىچتىن ئىتتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى
نازۇك ئىنچىكە دۇر تەپەككۇر يولى

4395. تەڭىزگە كىرور كورسە كوڭلون توكەل
گوھەر، يىنچو، ياقوت چىقاردور مەھەل

يەشمىسى: كورەرسەن دېڭىزگە كىرۇر كىشىدەك،
گوھەر، ئۈنچۈ، ياقۇت چىقارۇر دىمەك.

دۇنيانىڭ بىۋاپالىقى توغرىسىدا:

4700. نەگو ئاسغى ئاخىر ئولور ئەرسە ئوز
ساڭا تىڭگوسى يوق مىگىر ئىكى بوز

يەشمىسى: نە پايدا ئاخىرى ئولۇر بولسا ئوز،
ساڭا تەككۈسىدۇر پەقەت ئىككى بوز

.5176 ئاي ئىلىگ بو قارشى بو ئوردو ئورون
ساڭا تەگمىش بىر توشون ئول كورون

يەشمىسى: ئى ئىلىگ مۆشۆ قەسىر بۆ ئوردۆ ساراي،
ئوتتۆشكۆن ئۆچۆن ساڭا تەككەنلا جاي.

.5177 سىنىڭدە ئوزاقى توشوپ كەچتىلەر
يىرىكمەدى توشتە ئوزو كوچتىلەر

يەشمىسى: سېنىڭدىن بۆرۆنلەر چۆشۆپ ئوتتىلەر.
تۆرالماي بۆ جايدا كوچۆپ كەتتىلەر.

.5183 مونى سەن ئايور سەن مىنىڭ تىپ مىنىڭ
نەگوكە ئايورسەن، نەگوكە سىنىڭ

يەشمىسى: مېنى ئەيتادۆرسەن مېنىڭدەپ مېنىڭ،
نەچۆن دەيسەن ئۆنداغ! نۆچۆك ئۆ سېنىڭ.

.5184 سىنىڭدە باساقى ساڭا: چىق! تىيور
ئانوندى كوزەر ئوش مېنىڭ تىر مېنىڭ

يەشمىسى: سېنىڭدىن كىيىنكىلەر دەر ساڭا: چىق!
كىرىشنى كۆتۆپ دەر «مىنىڭدۆر مېنىڭ» (رۆبائى)

شاھلارنى تىل نەيزىلىرى بىلەن سانجىشلىرى:

شاھقا خىتابى:

.3745 ساڭا بەردى دونيا ئىسىركەمىدى
ماڭا بىرمەگەيمو بىرىگلى ئىزى

يەشمىسى: ساڭا بەردى دۆنيا دەرىغ تۆتمىدى
سېخى ئۆ ئىگەم ماڭا بەرمەسمىدى

3748. ساڭا يا سەنىڭ قاپقىڭغا مەن بارىپ
نەگونى تىلەيمن تىرىكلىك ئىزىپ

يەشىمىسى: ساڭا يا سېنىڭ ئىشىكىڭگە بېرىپ،
نىمەنى تىلەرمەن ھاياتنى بىرىپ.

3749. ئىكىگو بايات قوللارىمىز بىز ئوق
بو قوللوق ئىچىندە قورومىز توز ئوق

يەشىمىسى: خۇدانىڭ قۇلىمىز بىز ھەر ئىككىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش دەرىجىدەمىز.

3750. بو قول قولقا قوللوق ياراغسىز بولور
تاپوغچىغا تاپسا ئوچوزلوق بولور

يەشىمىسى: بو قۇل قولغا قۇللۇق ياراقسىز بولۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قەدىرسىز بولۇر.

كىشىنىڭ ياخشىسى كىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىگى توغرىسىدا:

3930. بەرو كەل توسولغىل، كىشكە يارا
توسولماز ئولوگ ئول، تىرىگلەر ئارا

يەشىمىسى: بۇيان كەل! بىرىپ نەپ، كىشىگە يارا،
بىنەپ ئۇ ئولۇكتۇر تىرىكلەر ئارا.

3931. ئوز ئاسىغىن تىلەگلى كىشىمو بولور
كىشى ئول بولور كور ئىل ئاسىغىن قولور

يەشىمىسى: بولۇرمۇ ئادەم ئوزى نەفئىن دىگەن،
كىشى ئۇكى، ئەل نەفئىنى كوزلىگەن.

2573. ئاسىغ قىلسا ئازغان ئانىڭ مەن قولى
چىچەك ياسىلىغ ئەرسە بىچەرمەن ئولى

يەشمىسى: گەر ئازغان ① بىھەر نەپ مەن ئۆنمك قۆلى،
ئەگەر گۆل زىيانلىق كېسەرمەن غولى.

2575 ئاسىغىسىز توسالماز قاداش ئەرسە قوز
توسولور ئاداش توت ئاسىغ بىلە توز

يەشمىسى: قېرىنداش كويۇمسىز بى نەپ بولسا قوي،
ئاداش تۆت نەپىئىلىكنى نەپ ئىلە توي.

.2574 باغىرسىز توسۇلماز ئوغولدا تورو
باغىرساق تاپوغچى توسوسى نورو

يەشمىسى: كويۇمسىز نەپىئىسىز ئوغۇلدىن كورە،
كويۇمچان نەپىئىلىك خىزمەتچى ئۇرە.

.4509 سورە ئىزما بوشلاغ توغولوغ ياۋا
ياۋا بولغا بوشلاغ يوگورغا ئىۋە

يەشمىسى: ئوغۇلنى بىكار بوش يۈرمە سەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

واپا توغرىسىدا:

:2197 ئوروغلوق كىشلەر قىلىنچى سىلىگ
ۋىفا بىرلە خالققا يازىغلى ئىلىگ

يەشمىسى: ئىسىل زات كىشى خۇي پەيلى سىلىق،
ۋاپا بىرلە خەلققە سۇنار ئۇ ئىلىگ.

.2198 ئارىغسىز قىلىنچى ۋاپاسىز جاپا
نەچە ھە يىتورسە سىكىر ھىم يىلىگ

يەشمىسى: ئېرىغسىز قىلىقى ۋاپاسىز جاپا،
بېرىپ باقسامۇ ئۇنىڭا شەكەر ـ ئىلىك (رۇباتى).

① ئازغان — تىكەنلىك ئۆسۈملۈك

## 11.«قۇتاتقۇبىلىك» قانداق ئەسەر؟

ئەگەر « قۇتاتقۇبىلىك » نى تۈرى ياغىدىن نەزمى شەكىل ياغىدىن، مەسنەۋى (ئىككىلىك) مەزمۇن ياغىدىن نوقۇل دىداكتىك داستان دەپلا ئۇتتۇپ كەتكىلى بولسا، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاسان بولغان بولاتتى. لېكىن مەسىلە ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى « قۇتاتقۇبىلىك » ياكى ۋەتەلەرنىڭ بايانى بولغان تارىخ ياكى ئورۇن ۋە تاغ - شەھەرلەرنى سۆزلەيدىغان جۇغراپىيە ئەمەس؛ ياكى دىني ئۆلىمالارنىڭ پائالىيىتىنى توپلىغان خاتىرە كىتاۋى، ياكى ھېكىملەرنىڭ پىكىرىگە تايانغان پەلسەپە يىغىندىسى ۋە ياكى شەيخلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنى يەتكۈزۈدىغان نوقۇل نەسىھەتنامە ئەمەس.

ئۇ كورۇنۇشتە بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ تىپىك نەمۇنىسى، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئەدەبىي ئەسەر. لېكىن ئىپوپىيە ئەمەس. ئۇنىڭدا كۈچلۈك لىرىزىم روھى بار، لېكىن نوقۇل لىرىك داستان ئەمەس. ئۇنىڭدا دىراما ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇت، لېكىن دىراما ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇ تام مەنىسى بىلەن دىداكتىك داستانمۇ ئەمەس. چۈنكى بۇ ئەسەردە شۇنداق مەزمۇنلار، ھەقىقى ھاياتقا باشلايدىغان يولىيۇرۇقلار، قەتئى تەكلىپلەر، پەلسەپىۋى تەپەككۇرلەر مەۋجۇتدۇركى، بۇ مەۋجۇدىيەت ئۇنىڭغا "دىداكتىك» سوزنى بىز قوللىنىۋاتقان مەنا بىلەن قوللىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى ھازىر بىزدە "دىداكتىك " سوزى نوقۇل ۋەز - نەسىھەت خاراكتىرىدىكى « شاھ مەشرەپ » ، « قۇل خوجا ئەھمەت » ، « زەلىلى دىۋانى » گە ئوخشاش ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئەگەر "دىداكتىك " سوزىنى تەلىم - تەربىيە ئۇقۇمى بىلەن بۇ ئەسەرگە يۈرگۈزۈلسە قىسمەن مۇمكىن . چۈنكى ئۇنىڭدا باشقا نۇرغۇن ئېلېمېنتلار بىلەن تەلىم - تەربىيىۋى ئېلېمېنتلار ھەم مەۋجۇت. «قۇتاتقۇبىلىك» دە ھاياتىي كۈچكە ئىگە شۇ قەدەر رىيال كورسەتمىلەر، ئالى ئىلەك - غايىلەر باركى، ئۇ ۋەز - نەسىھەت دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ چىقىپ كەتكەندۇر. مەسىلەن ئالايلى ئادالەت ۋە ھەربىلىك توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى:

765، ئىلىگ بىر كون ئولدوروپ ئوزى ياغلوزون
ئەۋىن قىلدى خالى ئىرىكتى ئوزون

يەشمىسى: ئىلىگ ئولتۇرۇپ يالغۇز ئۇ بىر كۈنى،
زېرىكتى ۋە قىلدى خالى ئويىنى .

. 766 ئوقىدى كور ئاي تولدىقا قىلدى يول
بو ئاي تولدى كىردى قاۋوشتۇردى قول.

يەشمىسى بۇ ئايتولدىنى قىچقىرىپ بەردى يول،
بۇ ئايتولدى كىردى قوۋۇشتۇردى قول.

767. ئىلمگ ئۇترو توردى ئازاقسن ئورو
ئىلمگ سوزلەمەدى بىر ئانچە تورو

يەشمىسى: ئۇ تۇردى ئىلمگىنىڭ ئۇدۇلىدا تىك،
تۇردى سوزلىمەي خىلى بىر ۋاقت ئىلىگ.

768. باقىپ كوردى ئىلمگ كوزىن ئىلمەدى
ئىشارەت بىلە كەلگىل ئولدورتىدى

يەشمىسى: قاراپ بىردەم ئىلىگ كوزىن ئىلمىدى،
ئىشارەت بىلەن كەلگىل، ئولتۇر! دىدى.

169. بو ئاي تولدى ئولدوردى ئاقرو ئامول
كوزىن يەرگە تىكتى ياروتتى كوڭول

يەشمىسى: بۇ ئايتولدى ئولتۇردى تىپ - تىنچ كىلىپ،
يورۇتۇپ كوڭۇل كوزىنى يەرگە تىكىپ.

770. ئىلىككە باقا كوردى ياشرو كوزىن
قاشى كوزىن توگمش، ئاچتىمش يوزىن

يەشمىسى: ئىلىككە يۇرگۇرتتى يوشۇرۇنچە كوز،
قاپاق، قاش تورۇلگەن پۇرۇشتۇرمە يۇز.

771. كوموش كورسى ئورمش ئوزە ئولدورور
بۇ كورسى ئازاقى ئوچ ئازرى تورور

يەشمىسى: كۇمۇش كۇرسى ئۇستىدە جىم ئولتۇرۇر،
بۇ كۇرسى پۇتى ئۇچ،چىتىقسىز تۇرۇر.

772. بەزوك بىر بىچىگىك ئىلىگدە توتار
سولىندىن ئوراغون ئوگىندىن شىكەر

يەشمىسى: قولىدا تۇتۇغلۇق يوغان بىرپىچاق،
ئوگدا شىكەر سولدا ئۇراغون بىراق.

773. ئانى كوردى ئەرسە بو ئاي تولدى چىن
قاتىغ قورقتى ئوزكە، قوزى ئالدى تىن

يەشمىسى: كورۇپ قورقتى ئاي تولدى ئاشتى غېمى،
ئۈنى باستى تىترەك، كېسىلدى دېمى.

774. بىر ئانچا تۇرۇپ باش كوتوردى ئىلىگ
بو ئايتولدىقا ئايدى تەپرەتتىلىگ

يەشمىسى: ئىلىگ باش كوتەردى بىر ئازدىن كېيىن،
دېدى ئايتولدىغا: قېنى، بىر سوزلىگىن.

775. نەلوك سوزلەمەز سەن! ئاغىن تەگ بولوپ
مېنى موندا يالگوز بو يەڭلىغ كوروپ

يەشمىسى: نېچۈك سوزلىمەيسەن گاچىدەك بولۇپ،
مېنى مۇندا يالغۇز بۇ ياڭلىغ كورۇپ.

776. بو ئايتولدى ئايدى ئاي ئىلىگ قوتى
مېنىڭ سوزلەگوكە ئوزوم يوق شاتى

يەشمىسى: بۇ ئاي تولدى ئەيتتى: ئى، ساھىبقىران،
مادار مەندە سوزلەشكە يوق بۇ زامان.

777. ئازىنسىغ كورور مەن بو كون قىلىق ئىتىگ
ئاڭار ئەيمەنور مەن ئاي بىلگە تىتىگ

يەشمىسى: كورۇرمەن بۇ كۈن سەندە يات ھال ئۆزۈم،
ئەيمەندىم ئى ئاقىل، شۇڭا يوق سوزۈم.

785. ئىلىگ ئايدى كەلدور ماڭا ئاي سوزوڭ
نە گونى تاڭىرقادى ئەمدى ئوزوڭ

يەشمىسى: ئىلىگ ئەيتتى: كەلگىل، ماڭا نەيت سوزوڭ،
نېمىشقا تىڭىرقاپ تۇردىسەن ئۆزۈڭ

768 بو ئايتولدى ئايدى تاڭىم بو مىنىڭ
كوموش كورسى ئورنوك نەئول بوسىنىڭ

يەشمىسى: دىدى ئايتولدى: ھەيرانلىغىمدۇر مېنىڭ،
نەچۇندۇر كۈمۈش كۆرسى ئورنۇك سېنىڭ.

.787 بو ئولدروغ نە كورسى يىرى ئول ساڭا
بو مەئنى ئو قايىن ئايو بىر ماڭا

يەشمىسى: بۇ كۆرستا ئولتۇرۇشتۇر نالايىق ساڭا،
ئۇنىڭ مەنىسىنى دىگىل سەن ماڭا.

.788 ئىكىنچى ئىلىكدە نە ئول بو بىجەك
مونى سا ئوزوم يەترو بىلگو كەرەك

يەشمىسى: ئىككىنچى، قولۇڭدا پىچاق نە دىمەك،
بۇنى ياخشىراق ھەم بىلىشىم كېرەك.

789 ئوچونچى ئوڭوڭدىن نەگو ئول شىكىر
سولوڭدىن ئوراغون نە ئول بو ساڭار

يەشمىسى: ئۈچىنچى، ئوڭۇڭدا نىمىشقا شېكەر،
سولوڭدا ئوراغۇن نە مەنا بېرەر.

790 باقا كوردوم ئەرسە ئوزوك توۋكەلىك
مونى كوردوم ئەرسە يىتوردوم بىلىك

يەشمىسى: سېنى مەن غەزەپلىك شۇ ھالدا كورۇپ،
يۇتتۇردۇم تامام بىلگىنىم ئۇنتۇپ.

.......................................

799 بو كونمە مەنىڭ بو ئوزوم قىلىقلاردىن
ماڭا كوركىتور بارچا ئەردەملەردىن

يەشمىسى: بۇ كۈن كورسىتەي ئەمدى مەنمۇ ساڭا،
قىلىق ئەردەمىمنى قاراپ تۇر ماڭا.

.800 مونى مەنمە كورگەل كونلىك تورو
تورو قىلىقلارى بو باقا تور كورو

يەشمىسى: ئادالەت ۋە قانۇن ئۇزۇم مەن قارا،
قانۇن ۋە سىفىنى سەن بولاردىن ئارا.

.801 بو كورسى ئوزەلە ئوز نولدوردوقى
ئازاقى ئوچ ئول كور ئاي كوڭلۇم توقى

يەشمىسى: مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۇرسقا باق،
ئى، كوڭلۇم توقى ئۇندا بار ئۇچ ئاياق.

802 قاموغ نوچ ئازاغلىغ ئەمىتمەز بولور
ئوچەگو تورور توز قامىتماز بولور

يەشمىسى: بۇتۇن ئۇچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر
تۇرۇر تۇز بۇ ئۇچ پۇت ۋە قايماس بولۇر.

.808 مەنىڭ قىلقىم تول كور، ئەمىتمەز كونى
كونى ئەگرو بولسا كونىلىك كونى

يەشمىسى: مېنىڭ ھەم قىلىقىم ئىگىلمەس ئىرۇر.
ئىگىلسە دۇرۇستلۇق قىيامەت بولۇر

.809 كونىلىك ئوزەلە كەرسەمەن ئىشىگ
ئازدىرماس مەن بەگىنگ يا قولسىغ كىشىگ

يەشمىسى: قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىمايمەن بەگ ياكى قۇل دەپ كىشىن.

.810 بۇ بوگدە بىچەك كىم ئىلىگدە توروز
بىھىگلى كەسىگلى تورور ئى ئونور

يەشمىسى: بۇ خەنجەر پىچاقىكىم قولۇمدا تۇرۇر،
پىچار ھەم كېسەر بۇ قورال ئى غەيۇر.

811. بېچەك تەگ بېچارمەن كەسەرمەن ئىشىگ
ئوزاتماز مەن دەئۋا قىلغىلى كىشىگ

يەشمىسى: پىچاقتەك كېسەرمەن پىچىپ ئىشنى،
سورەتمەيمەن دەۋاچى ھەر كىشىنى.

812. شىكەر ئول كىشى بىر ئاڭار كوچتىگىپ
تورو بولسا مىندىن قاپوغقا كەلىپ

يەشمىسى: شېكەر شۇكى: ھەر كىم زۇلۇم يەتتى دەپ،
ئىشىگىمگە كەلسە ئادالەتتىلەپ.

813. شىكەر تەگ سوچىيو بارىر ئول كىشى
سەۋىنچلىغ بولور ئاندا يازلور قاشى

يەشمىسى: شېكەردەك لەززەتلە يانۇر ئۇ كىشى،
سويۈنۈپ ئېچىلۇر يۈزى ھەم قېشى

814. ئوراغون يىمە ئول كىشلەر ئىچەر
ئوزى كوچكەي ئەرسە كونىدىن قاچار

يەشمىسى: بۇ تۇرغان ئوراغوننى شۇلار ئىچەر،
قىلىپ زورلۇق ئۇ، توغرىلىقتىن كېچەر.

816. بو قاشىم توروگى بو كوركسوزلوگوم
كوچەمچى كەلىركە بو يوز سوزلوكوم

يەشمىسى: بۇ قاشىم تۈرۈگى ۋە بۇ سەتلىكىم،
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.

817. كەرەك ئوغلوم ئەرسە ياقىن يا ياغوق
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىگلى قونوق

يەشمىسى: كېرەك ئوغلۇم ئەرسۇن يېقىن تۇققىنىم،
يولۇچى مۇساپىر ۋە يا قونىغىم.

818. توروده ئىكىگو ماڭا بىر سانى
كەسەردە ئازىن بولماغاي ئول مىنى

يەشمىسى: ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بولەك بولمىغايمەن هوكۇم ۋاقتىدا.

شائىرنىڭ جەڭ هەققىدىكى سوزلىرىگە قاراپ باقايلى:

2309. كىرەك سو باشىڭا بو بىر قاچ قىلىق
ياغىقا يوز ئورسا بو توزسە يورىق

يەشمىسى: كېرەك بىر نەچچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
يۈرۈش قىلسا ياۋغا تۈزەپ يول يوسۇن.

2311. توڭوزتەگ تىتىملىگ بورى تەگ كوچى
ئازىغلايو ئازغىر قوتوز تەگ ئوچى

يەشمىسى: توڭگۇز كەبى تەرسا، بورىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئوچى.

2311. يانا ئالچى بولسا قىزىل تىلكوتەگ
تىتىر بوغراسى تەگ كور ئوچ سورسە كەگ

يەشمىسى: ئۇ بولسۇن هېلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بوغرا توگىدەك.

2313. ساغىزغاندا ساقراق كەرەك توتسا ئوز
قايا قوزغونى تەگ يىراق توتسا كوز

يەشمىسى: سەگەكرەك سىغىزخاندىن ئولسۇن ئوزى،
قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقتا كوزى.

2314. ئولوغ توتسا هىممەت كور ئارسلانلايو
ئوكى تەگ ئوسوز بولسا تونلە سايو

يەشمىسى: قارا بولسۇن ھەممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچە بولسا ئويغاق ھوقۇشتەك يامان.

.................................

2333. ئوكوش سو چەرىگ ئەرسە باشسىز بولور
بو باشسىز چەرىگ سو يورەكسىز بولور

يەشمىسى: قوشۇن سانى كوپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز يۈرەكسىز بولۇر.

2334. سىنامىش ياغىچى كىشى تەڭلەمىش
ئون ئىكى مىڭ ئەرسو ئوكوش سو تىمىش

يەشمىسى: سىنىغان بىر ھەربى قىياسەن دىمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كوپ ئىمىش.

.................................

2342. ئازىرغو ئوزورغو يەزەڭ توتغاقى
يىراق توتغو ساقلاپ كوزى قولغاقى

يەشمىسى: كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق، كوزنى ساقلاپ يىراق قارىماق.

.................................

2348. ئوسال بولماسا بولسا ئارتوق ئوزوغ
ئوسال بولسا تەگرور باسىمچى يوزوغ

يەشمىسى: غاپىل قالمىسۇن بولسۇن ئۇ ھۇشيار،
غاپىل بولسا دۇشمەن زىيانلار ئۇرار.

2349. ياغىقا ياغوسا يەزەكىن ئالو
توشورسە تويوغ كورسە ئوت-سو تالو

يەشمىسى: يېقىنلاشسا ياۋغا دېرەكىن ئېلىپ،
قارار گاھنى قۇرسۇن ئۇ ئوت - سۇ كورۇپ.

.................................

2355. ياغى سانچخوقا توتغو ئىككى تولوم
بو ئىككى تولومدىن ياغى يەر ئولوم

يەشمىسى: كېرەك ياۋ يوقاتماققا ئىككى قورال،
بۇ ئىككى قورالدىن كورەر ياۋ زاۋال.

2356. ئەڭ ئاشنو ياغىقا كەرەك ھىلە ئال
بو ھىلە بىلە قىل ياغى مەڭزى ئال

يەشمىسى: ئەڭ ئاۋال كېرەكتۇر ھىلىنىڭ ئۆزى،
ياۋ ئالدانغىنىدىن قىزارسۇن يۈزى.

2357. ئىكىنچى بو ساقلىق ئوزوغلوق تورور
قايوسى ساق ئەرسە ئول نوستەڭ بولور

يەشمىسى: ئىككىنچى، سەگەكلىك ئويغاقلىق ئىدۇر،
كىم ئۇ بولسا سەزگۈر ئۈستۈن كېلۇر.

........................................

2376. ئەڭ ئاشنو يىراقتىن تىگمىشگو نوقون
ياغوسا سوڭون تەگگو بىرسە بويون

يەشمىسى: ئەڭ ئاۋال يىراقتىن ئوقنى ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377. قاتىلسا قىلىچ - بالدو بىرلە تەگمش
تىشىن تىرڭاقىن تەگ ياقا توت ئىلىش

يەشمىسى: كىرىشكەندە پالتا - قىلىچ بىرلە چاپ،
ياقادىن تۇتۇپ چىشلە ئال تاتىلاپ.

........................................

2387. كىلىن قىز سەۋىنچى كوزەن تونلەرى
كور ئالىپ ئەر كوۋەنچى چەرىگ كونلەرى

يەشمىسى: كېلىن قىز سويۈنچى ئىكا توي تۈنى،
باتۇرنىڭ سويۈنچى سوقۇشقان كۈنى.

2381. كوۋەز ئالىپ سەكرىتىپ چىرىنگ سورسە بات
لاچىن قوش قوۋار تەگ توكەر قانلارى

يەشمىسى: سىزەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چىپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك توكەر ياۋ قىنى.

شائىرنىڭ يۇقۇرقى بېيىتلىرىدە ئادالەت ۋە ھەربى ئىشلارنى قانداق ھەقىقى سۇرەتلەپ بەرگەنلىكى بۇ ئەسەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت تىزمىسىلا بولماي، بەلكى پەلسەپىۋى تەپەككۇر، رىيال ھايات، جانلىق ئوبراز، ھەقىقى پىلان ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەڭ نازۇك ۋە مۇرەككەپ بىر قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. « قۇتادغۇ بىلىك » سان-ساناقسىز تۇرلۇك رەڭدىكى قىممەتلىك جاۋاھىرات بىلەن تولغان بىر غەزىنىدۇركى، بۇ غەزىنە تاماشىچىلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆزى ياقتۇرغان جاۋاھىرات بىلەن ھەمىيانلىرىنى تولدۇرۇپ چىقىپ ئوتتۇرىدا كورسەتمەكتە . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھورمەتكە سازاۋەر. بۇمۇبۇ ئەسەرنىڭ قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرسى. قىسقىسى « قۇتادغۇبىلىك»ـ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان. كىشىنى زاھىرى ۋە مەنىۋى كامالەتكە يەتكۇزۇشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ بۇيۇك بىر قامۇستۇر.

## 12. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىغا نىمە تۇرتكە بولغان؟

بۇ ئەسەرنى يېزىشقا شائىرغا ھېچبىر ھوكۇمدار ياكى بىرەر شەخس تەرىپىدىن بۇيرۇق تىلەك قىلمىغانلىقى ياكى بىرەر دوستىنىڭ ئىلھاملاندۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇنداق بولسا، بۇ بۇيۇك ئەدىپنى ئوزى ئېيتقاندەك: ئىپار بېشىغا كاپۇر سېپىلگەن، ئەرغىۋان گۇلدەك قىزىل يۇزىگە زەپىران سۇركەلگەن، قىيىندەك مۇستەھكەم تۇز قامىتى يادەك پۇكۇلگەن، يەنى ياشانغان چېغىدا بۇنداق زور مۇشەققەتنى ئۇستىگە ئېلىشقا نىمە مەجبۇر قىلغان ئىدى؟

شائىرنى بۇنداق سوزلەشكە مەجبۇرلاپ تۇرتكە بولغان بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ ئوز دەۋرىدىن قاتتىق نارازىلىقى. شائىر بۇنى ئاشكارا سوزلىمەيدۇ ھەم سوزلىيەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ ئوز زامانىسىدىكى سىياسى-ئىجتىمائى ئەھۋالدىن نارازىلىقى، ئۇنىڭ ھەممە كىشىنىڭ ياخشى ئىنسان بولۇشىغا بولغان تەشنالىقى، ئۇنىڭ كوڭلىدە پەزىلەتلىك، ئېلىملىك بىر ئىنسانلار توپى بولۇش ئارزۇسى، ئادالەتلىك ھاكىمىيەت، ئاسايىشتا ياشايدىغان مەرىپەتلىك خەلق، قوي بىلەن بورى بىر جايدىن سۇ ئىچىدىغان تېنچ بىر ئىجتىمائى ھايات تۇزۇمى قۇرۇلۇش، نادانلار يوقۇلۇش ، ئالىملار كوپۇيۇش ، شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياخشى ئىشلار يولغا قويۇلغان بىر دەۋرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان .

كىتاپ يېزىلغان ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 180 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەرەققىيات ، ئىلىم ـ مەرىپەتتە تازا ئۇچىغا چىققان دەۋرى بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇ دەۋرلەرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ . مەھمۇت قەشقەرىدەك زور كىشىلەرنى يېتىشتۇرگەن بول

سىمۇ ، ئەمدىكى كۈندە ئىچكى تەرەپتىن چۈشكىنلىشىپ ، پارچىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈش ، ئوردا ماجرالىرى ، ئوز ئارا ئۇرۇش ـ جاڭجاللار كوپەيگەن ۋە دولەتنىڭ ئەھـ ۋالى ياماnlاشقان بىر ۋاقىت بولغان . پەيلاسوپ شائىر بۇ يامان ئاقىۋەتنى ئالدىن ھىس قىلغان . لېكىن ئۇچۇق سوز بىلەن ئوز پىكرىنى بايان قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن بىر غايىۋى دولەت ۋە جەمىيەت ئوبرازىنى سىزىپ چىققان . شائىرنىڭ مۇشۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى ئىچكى ئامىل ۋە تۈرتـ كىسىنى ئۇنىڭ توۋەندىكى قەسىدىسى ئوچۇق كورسىتىدۇ :

6565. تورايى ، بارايى ئاجونوغ كەزەيى
ۋەفالىغ كىم ئەرسە ئاجوندا تىلەيى

يەشمىسى: تۈرايمەن ، ماڭايمەن ، جاھاننى كېزەيمەن ،
جاھاندا ۋاپالىق ئىرۇر كىم ، تاپايمەن .

6566. كىشى قىزلىقى بولدا قايدا تىلەگو
تىلەپ بولغو ئەرسە تىلەيوكورەيى

يەشمىسى: كىشى قىسلىغى بولدى ئىزدەي قەيەردىن،
تىلەپ تاپقىلى بولسا ئىزدەپ كورەيمەن.

6567. قاموغ ئارزو بولدۇم كىشى بولمادىم مەن
قالى بولسا ئارزوم يوزىڭگە باقايى

يەشمىسى: جىمى ئازۇ تاپتىم ، كىشى تاپمىدىم مەن ،
بۇ ئارزۇنى تاپسام يۈزىگە باقايمەن .

6568. ۋەفا قاھتى بولدى، جەفا تولدى دونيا
ۋەفا كىمدە ئەركى مەن ئاززاق قولايى

يەشمىسى: ۋاپا قەھتى بولدى جاھانغا تولۇپ جەۋر،
ۋاپا كىمدە باركى، مەن ئازراق تىلەيمەن.

6569. تاپساڭبولسا مەن بىر ۋەفالىغ ئاقى ئەر
ئەگىنكە يوزەيى كوزومگە سورەي

يەشمىسى: ئەگەر تاپسام ئەردى ۋاپالىغ سېخى ئەر،
يۈدۈپ ئۈنى يەلكەمدە كوزگە سۈرەيمەن.

6570. قالى بولماسا مەن ۋىفا بىرلە يالغۇق
كەيمك تاغى بىرلە تىرىكلىك قىلايى

يەشمىسى: ئەگەر تاپسام مەن ۋاپادار كىشىنى،
ياۋايى كىيىك بىرلە ئۆمۈر سۈرەيمەن.

6571. يىگوم ئوت كوكى بولسو ياغمور سوۋى تاپ
ئەزىز قوم تونەيى تاغار تون كەزەيى

يەشمىسى: يېمەك ئوت كوكى بولسا يامغۇر سۈيى بەس،
قىلىپ قۇمنى توشەك تاغار تون كىيەيمەن.

6572. يا ۋەھشى بولۇپ مەن بىيابانىدا يوگرو
كىشىدە يىرايى ئاجونىدا يىتەيى

يەشمىسى: بولۇپ ۋەھشى ياكى بىياۋاندا يۈگرەپ،
كىشىدىن يىراقلاپ جاھاندىن يۈتەيمەن.

6573. تاقى بولماز ئەرسە ئاجون بارچا قوزتون
ئوگوز تەگ ئاقايى توپى تەگ توغايى

يەشمىسى: بۇ ھەم بولمىسا گەر بۇ دۇنيانى تاشلاپ،
ئېقىندەك ئاقايمەن ، شامالدەك ئۇچايمەن.

6574. ئىزىم موڭقا تەگدىم ۋىفاسىزقا توشتوم
ۋىفالىغ ئىم ئەركى سەۋوگ جان بىرەيى

يەشمىسى: ئىگەم مۇڭغا چومدۇم ۋاپاسىزغا ئۇچراپ،
ۋاپالىغ كىم ئولسا شىرىن جان بېرەيمەن.

6575. ئاتى قالدى يالغۇق كىشى ئاتى باردى
بو قىلىق قانچە باردى ئوزو مەن بارايى

يەشمىسى: كىشى ئاتى قالدى يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك سوگىدىن بارايمەن.

6576. باغرساق كىشى يوق ئاجوندا تىلەدىم
باغرسىزقا كوڭلوم نەگو تەگ ئولايى

يەشمىسى: قىدىردىم جاھاندا كويۇمچان كىشى يوق،
كويۇمسىزگە كوڭلۇمنى قانداق ئۇلايمەن.

6577. كىمى ئوزكە كوز تەگ ياقىن توتتوم ئەرسە
ياغى چىقتى يەك تەگ يەكىمگە نە قىلايى

يەشمىسى: كوزۇمدەك يېقىن كورسەممەن كىمنى ئوزگە،
شەيتاندەك ياۋ ئولدى ئۇنى نىمە قىلايمەن.

6578. كىمى سەۋدىم ئەرسە سەۋوگ جانچە توتتوم
جىفا كەلدى ئاندىن كىمى مەت سەۋەيى

يەشمىسى: كىمى سويدۇم ئەرسە شىرىن جانچە تۇتتۇم،
جاپا كەلدى ئاندىن، كىمنى سويەيمەن.

6579. كىشى كوڭلى بىلگو تانوق ئەردى تىل سوز
كوڭول تىل ئالا بولدى كىمگە بو تەيى

يەشمىسى: كىشى كوڭلى بىلمەككە ئىدى گۇۋاھ تىل،
كوڭۇل تىل ئالا بولدى كىمگە پۇتەيمەن.

6580. بوكون موندا مەنچە كىمى ئەش قىلايى
يا كىمگە بو تەيى كىمى دوس توتايى

يەشمىسى: بۇ كۇن مۇندا كىمنى قىلاي ئوزگە ھەمرا،
پۇتەي كىمگە يا كىمنى بىر دوست تۇتايمەن.

6581. كوڭول كىمگە بىرگومو ئومكىمكو ئايغو
موڭاز تىم مەن ئەمدى بىر ئازراق ئايايى

يەشمىسى: بېرەي كىمگە كوڭۇل مۇڭۇم كىمگە ئېيتاي.
مۇڭلاندىم مەن ئەمدى بىر ئاز مۇڭ توكەيمەن.

6582. ئاداش قولداشىمدا ئۆمىنىچ بىمەدىم مەن
قاراش قىلىقى يات تەگ نەگو تەگ ئاچايى

يەشمىسى: ئاداش قولداشىمدىن ئۆمىت تاپمىدىم مەن،
قاياش قىلمىغى ياتتەك ئۆچۈك تىل ئاچايمەن.

6583. ئاپاك ئاندقا ئىمىنلىك بوتونلوك
بۇ ئاند توتقوچى كىم ئانى ئەر ئاتايى

يەشمىسى: ئەگەر ئانت بىلەن بولسا ئۆمىت ئىشەنچى،
بو ئانت تۇتقۇچى كىم ؟ ئۇنى ئەر ئاتايمەن.

6584. توز ئەتمەكھاقى تىپ كوزەزىگىلى بارمو
كوموش جەۋھەر ئالتون بىلەمەت قالايى

يەشمىسى: تۇز ھەم ناننىڭ ھەققىنى ساقلاۋچى بارمۇ؟
كۇمۇش جەۋھەر ئالتون بىلەن غەرق قىلايمەن.

6585. قانى قوشنى ئاشنى سەۋىنىچ قازغوغانەش
قاموغوم بىرەيى مەن ئەۋدىن چىقايى

يەشمىسى: قېنى خوشنا - خولۇم سويۇنچ غەمدەھەمرا،
بىرىپ بارلىغىمنى مەن ئۆيدىن چىقمايمەن.

6586. ئاداش قولداشىم تىپ ئىنانىچ بولداچى كىم
ئانى بەگ قىلىپ مەن ئۆزوم قول بولايى

يەشمىسى : ئاداش قولدۇشۇم دەپ ئىشەنچ قىلغۇچى كىم،
ئۇنى مەن قىلىپ بەگ ئۆزۇم قۇل بولايمەن.

6587. كىشى بولمادىم مەن موڭا زورما يالڭوز
ساقىنچىن سىزارمەن سەۋىنچىن كولەيى

يەشمىسى : كىشى تاپمىدىم مەن قىلىپ مۇڭدا يالغۇز،
سىزىپ كەتتىم غەمدە سويۇنۇپ كۇلەيمەن.

6588. نەلوك ئارتادى خالق نەگو ئوگدى قوزتى
قايو ئوزكە توشتوم يا قايدا تورايى

يەشمىسى: بۈزۈلدى نۆچۈك خەلق نىزامنى ئېتىپ تەرك،
نۆچۈك ۋاقتا قالدىم قاياققا كېتەيمەن.

6589. ئازو تىلۋە مۇندزموبولدوميا موندوم
نەگو سوزلەدىم مەن ئايو بىر توقايى

يەشمىسى: يا تەلۋە، يا ئاخماق بولۇپ ئاينىدىممەن،
نىمە سوزلىدىم مەن، سەن ئېيتقىن ئۇقايمەن

6590. يا سەۋدا كوچەزىپ مەگىم ئارتادى ئول
كوزومكەمو كور نور ئوزوم ھەب ئىچەيى

يەشمىسى: يا سەۋدا كۆچۈيۈپ بۈزۈلغانمۇ مىگەم،
كوزۈمگە كورنەمدۈ؟ دورا ئىچەيمەن.

6591. ماگا ئوقمو توشتى بو ياگلىغ كىشلەر
ئازو مەنمو تەترو كىشى مەن يانايى

يەشمىسى: ماگا كەلدىمۇ دۈچ يا شۇنداق كىشلەر،
ئوزۈم ياكى تەتۈرمۇ بۇندىن يانايمەن.

6592. ئىسزم نىسزم قانى ئول كىشلەر
ۋىفا ئاتى قوزتى ئاجوندا ئوگەيى

يەشمىسى: قېنى ئوتكۈچىلەر ۋاپادىن قويۇپ ئات،
قېنى ئۇلار ئەپسۇس ماختاپ.

6593. بوكون كورسە ئەردى بو ئوگدى توروقىلىق
ئۇلار قوزمش ئەرسە سەۋىنچىلىگ بولايى

يەشمىسى: ئۇلار قويغان قانۇن يوسۇن قىلىقلارنى،
بۇ كۈن كاشكى كورسەم ئىدىم، خوش بولايمەن.

.6594 يوق ئەرسە ئايوبىرسو ئوگدى توروقلىق
توزون توركە كەچسمو ئوتونوغ سورەيى

يەشمىسى: يا بولمىسا تۆزسۆن يوسۆن،قىلىق، قانۆن،
ھېكىم توركە ئوتسۆن، جاھىلنى سۆرەيمەن.

.6595 قاموق ئەزگو باردى تورو ئوگدى ئىلتتى
كىشى سوگى قالدى نە ئەزگو بولايى

يەشمىسى: جىمى ياخشى كەتتى يوسۆن قانۆنى ھەم،
رەزىل قالدى ياخشىنى نەدىن تاپايمەن.

.6596 بو بوزسىن يورىغلى كىشى ئەرسە بارچا
پەرىشتەمو ئەردى ئولار نە بىلەيى

يەشمىسى: بويىبارىنىڭ ھەممىسى گەر بولسا ئىنسان،
پەرىشتە ئىدىمۇ ئۇلار نە بىلەيمەن.

.6597 ئولار باردى قالدىم بولارنى بىلە مەن
نەگو تەگ يورىيى نە قىلىقىن يارايى

يەشمىسى: ئۇلار كەتتى قالدىم بۇلار بىلەن ئۇزۇم،
نۇچۇكمۇ يۇرەيمەن نە ئىشقا يارايمەن.

6598 نەچە سوزلىسە مەن توگەمەز تاقىسوز
بو مونچاتاپ ئەمدىسوزوك نەبارايى

يەشمىسى: نەچچە سوزلىسەم مەن تۇگۇمەس يەنە سوز،
قىلاي بەس سوزۇمنى مەن ئەمدى بارايمەن.

.6599 ماگا موندا يىگرەك ئازىن بولمادىم مەن
ئولوش كىمند قوزايى كىشىدە يىرايى

يەشمىسى: تاپالمىدىم ئۇزگە، مۇشۇ جايدا خۇبلۇق.
شەھەر يۇرتنى تاشلاپ كىشىدىن قاچايمەن.

6601 ئاتىم بىلمەسونلەر مىنى كورمەسونلەر
تىلەپ بولماسونلەر سوزومنى كىسەيى

يەشمىسى: ئېتىم بىلمىسۇنلەر، مىنى كورمۇسۇنلەر،
تىلەپ تاپمۇسۇنلەر سوزۇمنى كېسەيمەن.

6660 چازاندەك تىكەرلەر چىبون تەگ سورارلار
كونەك تەگ يورەرلەر قايوسىن تورايى

يەشمىسى: چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايۇنسىن ئۇرايمەن.

6602 ئولىندىم مەن ئەمدى ئوتونلارقا توشغۇم
ئوكونچ بىرلەتون كون نەچە يوك يوزەيى

يەشمىسى: ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئىچرە،
پۇشايماندا كۈن تۈن نۇچۇك يۈك يۈدەيمەن.

.6603 جىفا جەۋر بارى ماڭا تەگمەسونى
توتون بىفالاردىن سېڭاردىن بولايى

يەشمىسى: ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەۋرى ـ جاپالار،
بۇگوستاخ ۋە پەستىن نىراقراق تۇرايمەن.

.6604 ئىلاھى روزى قىل سەۋگ ساۋچى يوزىن
يىمە تورت ئەشىنىڭ يوزىنى كورەيى

يەشمىسى: ئىلاھا نىسىپ قىل سويۇملۈك رۇسۇلنىڭ،
ۋە تۆت يار دىدارىنى بىر كورەيمەن.

شائىرنىڭ نوز زامانىسىدىن قانداق قاتتىق زارلانغانلىغى مانا كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇز قەلبىدىكى ئېچىنىشلىق ئاھ ـ زارلىرىنى ۋە تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۇچۇن غايىۋى بىر دولەت ۋە ئىجتىمائى ھاياتنىڭ مەۋھۇم ئوبرازىنى يارىتىپ، شاھتىن تارتىپ بارلىق ھوكۇمەت ئەرباپلىرىنى ۋە جەمىيەتنى غايىۋى شاھ ـ كۈن توغدىنى ماختاش ئىقابى ئاستىدا تەنقىت نەيزىسى بىلەن سانجىغان، يەنى مۇشۇنداق دولەت ۋە جەمىيەت بولۇش كېرەك ئىدى... لېكىن سەنلەر

بۇنىڭ ئەكسىچە ... » دېگەن تەنقىدىنى ئالقىشقا سازاۋەر دولەت يارىتىش ئوبرازى ئارقىلىق شۇنىداق دالىشمەنلىك ۋە ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەربابلىرى يازغۇچىدىن ئاغرىنىشقا، ئاداۋەت تۇتۇشقا ئويلاپ يېتەلمىگەن.ئەكسىچە، ئۇنى تەقدىرلىگەن. دېمەك، بۈيۈك ئەدىبلى بۇ ئەسەرنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۈبھىسىزكى مانا شۇدۇر.

## 13 . قەشقەرلىق ئىككى ئۇيغۇر ئالىمى نېمە ئۈچۈن تونۇشمىدى؟

11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ زور ئىقتىدارلىق ئىككى بۈيۈك پەرزەنت تۇغۇپ، بۇلارنى ئىككى بۈيۈك ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ئىلىم دۇنياسىغا تەقدىم قىلدى.

ئۇلارنىڭ بىرى ـ يىراق ئوتمۇشتىكى ئۇيغۇر بەدئىي ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى، سەنئەت ماھىرى، ئەدىپ، پازىل ئالىم، ئەخلاق، ئادالەت ۋە بىلىم ھامىسى، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھاجىپ. ئىككىنچىسى بولسا، ئۇيغۇر ئالىمى، تىل مۇتەخەسسىسى، مىللى تىل تەتقىقاتچىسى، بۈيۈك ئىلمى قۇدرەتكە ئىگە مەشھۇر ئىلمىي ئەسەر « تۈركى تىللار دىۋانى » نىڭ مۇئەللىپى، پەرەنىسى ( شاھزادە ) مەھمۇت قەشقەرىدۇر.

بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ھاياتى ئاساسەن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئۆتكەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ شۇ خانلىق ئىچىدە بىر ئەرباپ بولۇش بىلەن بىللە « قۇتادغۇبىلىك » نى قەشقەردە يازغان. مەھمۇت قەشقەرى ــ قەشقەر ئوپاللىق بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدىكى بىر شاھزادە ئىدى. ھەر ئىككىسى بىر يۇرتتا، بىر ۋاقىتتا ياشىدى. ئەسەرلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا يازدى. ئىككى ئالىمنىڭ ياشىغان ۋاقتى بىر بولۇش بىلەن ئەسەرلىرىنى يېزىشقان ۋاقىتلىرى ئىككى يىلدىن ئالتە يىلغىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە. لېكىن بۇ ئىككى زور ئالىم بىر ـ بىرىنى پەقەت تونۇشمىغان. ئەجەبا ! ...

بۇ مۇمكىنمۇ ئاخىر ؟....

ياق !

بۇ يەردە مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا بار. بۇلار نېمە ئۈچۈن تونۇشمايدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى قەشقەردە يېزىپ، قەشقەردە قارا خانىلار سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇشلۇق تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسىلان قاراخانغا تەقدىم قىلىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن شاھزادە مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى باغداتتا خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىدۇ ؟

مۇشۇ ھاللارنى مۇلاھىزە قىلغاندا ئىككى ئالىمنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىغان، تونۇشماس قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان نەرسە شۇ دەۋرنىڭ سىياسى ھاياتىدىن ئىبارەت، چۈنكى شۇ دەۋرلەردە قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدە بولۇنۇش، بىر ـ بىرىنى ئولتۇرۇش، زەھەرلەش، تەرەپبازلىق، كورەلمەسلىك كۆچەيگەن، ئوز ئارا ئىختىلاپ ئەۋج ئالغان بىر زامان بولۇپ، بولۇنۇش يۈز بەر-

گەن . بۇ ئىككى ئالىمنى ھايات ئېقىمى سورەپ بېرىپ ھەر بىرىنى بىر گورۇھقا مەنسۇپ قىلىپ
قويغان . ئەۋج ئالغان سىياسى كۈرەش ئاخىر بېرىپ مەھمۇت قەشقەرىنى باغداتقا بېرىشقا مەجبۇر
قىلغان . يۇسۇپ قەشقەردە قالغان. ھادىسلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىككى ئالىمنى بىر بىرىنى تونۇماي-
دىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان . بۇ ئەجەپلىنەرلىك ھال ئەمەس . چۈنكى بۇنداق ھادىسلەر-
دىن نۇرغۇنلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى تارىخ ئاشنالىرىغا چۈشىنىشلىك . دىمەك ئىككى ئالىمنىڭ
بىر - بىرىدىن چەتنەشلىرى مانا شۇ بولسا كېرەك .

## 14 . « قۇتاتقۇ بىلىك » ۋە شېئرىيەت

قىممەتلىك ئۈنچىلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان بۇ نەسەر ئۆزىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق دەرىس-
لىكى ، پەزىلەتلەر قامۇسى ، ئەنئەنىۋى بىر ئەستىلىك بولۇشى بىلەن بىللە بەدىئى ئەدىبىياتىمىز-
نىڭ ئەڭ كونا نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ شېئرىيەت دۇنياسىدىكى ئورنى تولىمۇ زور .

مەلۇمكى، شېئر (تۈيغۇ) — ئۇنىڭ شۇ ئۇرلۇق (تۈيغۇلۇق) بولۇشىدا، يەنى يۈرەكنىڭ تۈيغۇ
تارىلىرىنى تىترىتەلىشىدە ... شائىرلىق (تۈيغۇچى) ئۇنىڭ شۇئۇرلۇق (تۈيغۇلۇق) سوز يارىتالىشى-
دا . شېئر — بىزنىڭ ئىستىلاھىمىزچە ئولچەملىك ، قاپىيىلىك ، تىزىپ قويۇلغان سوزلەرگە ئېيتىل-
غان بىلەن ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى — تۈيغۇدۇر . شۇڭا يۈرەكنى ھەركەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە
سوزلەر شېئر دىيىلىدۇ . شائىر دەپ شۇنداق سوز يازغۇچىغا دىيىلگەن بىلەن . لۇغەت مەنىسى تۈي-
غۇچى دىمەكتۇر . شائىر بولغاندا شۇئۇرلۇق ( تۈيغۇلۇق ) سوز يازىدۇ . تۈيغۇلۇق سوز يازال-
غاندا شائىر بولالايدۇ . شېئر يېزىش مۇمكىن، لېكىن شۇئۇرلۇق (تۈيغۇلۇق) شېئر يېزىش قېيىن.
شائىر دىيىش ئاسان، لېكىن يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سېلىپ قوزغۇتالايدىغان شائىر بولۇش تەس.

دۇنيادىكى مەشھۇر شائىرلار شېئرلىرىنىڭ ئۆزۈن ئومۇركورۇشى ئۇلارنىڭشېئرلىرىنىڭشۇئۇرلۇق
(تۈيغۇلۇق) بولغانلىقىدا ۋە ئۇلارنىڭ تۈيغۇلۇق شېئر يازالىغانلىقىدا .

بوۋىمىز يۇسۇپ مانا شۇنداق شۇئۇرلۇق ( تۈيغۇلۇق ) شېئر يازغان شائىرنىڭ بىرىدۇر .

ئۇ ئىجات قىلغان « قۇتاتقۇ بىلىك » نىڭ 1000 يىللار ئوتۇپ ، يەنە قولدىن - قولدا ساق-
لىنىپ كېلىشى بۇ شېئرىي ئەسەرنىڭ كىشىلەر شۇئۇرىنى ( تۈيغۇسىنى ) ئۆزىگە تارتقان ، بەدىئى
ئۇسلۇپتىكى شېئرىيەت ماھارىتىدۇر . ئۇنىڭ « قۇتاتقۇ بىلىك » ناملىق بۇ شۇئۇر ( تۈيغۇ ) دې-
ڭىزىگە چومۇپ ، تۈۋىدىكى ئۈنچىلەرنى كورگەن ۋە بۇ گۈللۈكنى ئارىلاپ ئۇنىڭدىكى تۈمەن رەڭ-
لىك چېچەكلەرنى تاماشا قىلىپ ھىدلىرىنى پۇرۇغان ھەر بىر كىشى ئۆزىدە ئىختىيارسىز بىر مەپتۇ-
نىيەت ھىس قىلىدۇ . يۇسۇپنىڭ « بۇغراخان خاقان بولدى » دىگەن مەقسەت بايانى ئۈچۈن ياز-
غان تۈۋەندىكى شائىرانە شۇئۇرلۇق شېئرلىرىنى كوروپ ئوتەيلى ، ئىملەرنى ھىس قىلىدۇرىدىكەن
قېنى ! ...

63. توغاردىن نەسە كەلدى ئوگدون يىلى
ئاچۇن ئىتگوگە ئاچتى ئوشتماخ يولى

يەشمىسى: ئىسسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يىلى.
بىزەشكە جاھان ئاچتى، جەننەت يولى.

64. ياغىز يىر يىپار تولدى كافور كىتىپ
بىزەنمەك تىلەر دونيا كوركىن ئىتىپ

يەشمىسى: قوڭۇر يەر ئىپار تولدى كاپۇر كىتىپ،
بىزەنمەك تىلەر دۇنيا كوركىن ئېتىپ.

65. ئىردىنچىگ قىشىغ سوردى يازقى ئەسىن
ياروق ياز يانا قوردى دولەت ياسىن

يەشمىسى: جاپا قىشنى قوغلاپ بۇ يازقى ئىسسىن،
پارلاق ياز يەنە قۇردى، دۆلەت ياسىن.

66. ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىڭا
بالىق قوزروقىندىن قوزى بورنىڭا

يەشمىسى: قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇغىدىن قوزى بۇرنىغا.

67. قورىمىش ىيغاچلار توناندى ياشىل
بىزەندى يىپون ئال، سارىغ، كوك، قىزىل

يەشمىسى: قۇرۇغان ياغاچلار كېيىندى يېشىل،
بېزەندى يىپۇن هال، سېرىق، كوك، قىزىل.

68. ياغىز يىر ياشىل تورقو يوزكە بادى
ختاي ئارقىشى يازتى تاۋغاچ ئەزى

يەشمىسى: قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقۇنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69 يازى تاغ قىر ئوبرى توشەندى يازىپ
ئىتىندى قولى قاشى كوك ئال كەزىپ

يەشىمى: دالا تاغ قىر ئويمان توشەندى يېيىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل هال كېيىپ.

70. تومەن تو چېچەكلەر يازىلدى كولە
يىپار تولدى كافور ئاجون يەر بىسلە

يەشىمى: تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلۈپ،
ئىپار، كاپۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71. سابا يىلى قوپتى قەرانفول يىزىن
ئاجون بارچا بوترو يىپار بورىكىن

يەشىمى: ئىسسىپ تاڭ شامىلى قەلەمفۇ پۇراق،
ئىپار بۇيىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72. قاز، ئوردەك، قوغو، قىل قالقىغ تورى
قاقىلايو قاينار يوقارو قوزى

يەشىمى: غاز، ئودەك، قىل، ئاققۇ خوشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقۇرى - تۆۋەن.

73. قايوسى قوپار كور قايوسى ئوچار
قايوسى چاپار كور قايو سوۋ ئىچەر

يەشىمى: قارا! بىرسى قونسا ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.

74. كوكىش تورنا كوكتە ئونىن ياڭقولار
تىزىلمىش تىتىر تەگ ئوچار يىلكورەر

يەشىمى: تىزىلغان تۆگىدەك كوكۇش تۇرنىلار،
ئۇچار يەلپۈنەر ھەم ئۈنىن ياڭرىتار.

75. ئولار قوش ئونىن يازتى ئوندەر ئىشىن
سىلىك قىز ئوقىر تەگ كوڭۈل بەرمىشىن

يەشمىسى: ئۇلاي سايرىدى ئۇندەپ ئۇ يولدىشىن ،
گۈزەل قىز قىچقارغان كەبى سويىمشىن .

76. ئونىن ئوتتى كەكلىك كولەر قاتىقورا
قىزىل ئاغزى قاندەك قاشى قاپقارا

يەشمىسى: قاقىلدىدى كەكلىك كۈلۈپ قاتغورا،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قاشى قاپقارا.

77. قارا چومغوق ئوتتى ستا تومشقىن
ئونى ئوغلاغو قىز ئونى تەگ ياقىن

يەشمىسى: قارا قۇشقاچ ئوتتى ستا تۇمشقىن ،
ئۇنى نازىنىن قىز ئۇنىگە يېقىن .

78. چىچەكلىكتە ساندۇاچ ئوتەر مىڭ ئونون
ئوقىر سورى ئەبرى تونون هەم تونون

يەشمىسى: چېچەكلىكتە مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۇنى ،
ئوقۇر سۇرە ئەبرىنى تۇنى هەم كۈنى .

79. ئىلىك كولمەز ئوينار چىچەكلەر ئوزە
سىغون مويغاق ئاغنار يورىر تەپ كەزە

يەشمىسى: ئېلىك ۋە جەرەن گۈل ئارا ئوينۇشۇر ،
ئارقار ۋە تاغ ئوچكىسى جۈپ سەكرىشۇر .

80. قالىق قاشى توگدى كوزى ياش ساچار
چىچەك يازدى يوزكور كولەر قاتىنورار

يەشمىسى: قېشىن تۈردى ئاسمان كوزى ياش ساچار ،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى كۈلۈپ قاتقۇرار .

81. بو ئوزتە ئاجون ئوز ئوزىنگە باقىپ
كوۋەنىپ سەۋىنىپ ئەزىنگە باقىپ

يەشمىسى: بۇ ۋاقتا جاھان ئوز - ئوزىگە قاراپ ،
سۇيۇنۇپ قۇۋانىپ مېلىغا قاراپ .

( شائىر بۇ يەرگە كەلگەندە ئىنتىقال ( يوتكۇلۇش ) ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە )

82. ئىلەتو ماڭا ئاچتى دونيا سوزىن
ئايور كورمەدىڭمو بو خاقان يوزىن

يەشمىسى: ماڭا كوز يۇگۇرتكەچ ئۇ ئاچتى سوزىن .
دىدى: كورمىدىڭمۇ بۇ خاقان يۈزىن.

83 ئۆزىر نەردىك ئەرسە تور ئاچ ئەمدى كوز
ئىشتمەدىك ئەرسە ئىشت مەندە سوز

يەشمىسى: ئەگەر ئۇيقۇلۇقسەن، تۇر ئاچ ئەمدى كوز،
ئىشىتمىگەن ئولساڭ ئىشت مەندە سوز.

84. تومەن يىلدا بەرو تول نەردىم تولاس
بۇ تول تونى سوچلوپ ئورولگەزتىم ئاس

يەشمىسى: تۇمەن يىل تۇل ئەردىم سولغۇن يۈز ئىدىم،
سېلىپ تۇل كىيىم كەيدىم ئاق ئاس كىيىم.

85. بىزەندىم نەكىم بولدى خاقان ئولوغ
ئوتوندىم مونو قولسا جانىم يولوغ

يەشمىسى: ئۇلۇغ خان بېگىمدۇر ياساندىم شۇڭا،
قوبۇل قىلسا جانىم پىدادۇر ئۇڭا.

تەدىپ شۇلاردىن كېيىن بوغراخاننى سوزلەشكە باشلايدۇ...

يۇقۇرقى مىسرالارنى توقۇغاندا، كىشىنى ئوزىگە ئاشىق قىلىدىغان مۇنداق ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە كورۈنىدۇ:

شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال، جەننەتتەك ياسانغان دۇنيا، ئېرىپ كەتكەن قار كاپۇر-لىرى، ئېچىلغان ئىپار رەڭلىك تۇپراق، يېشىل بەرگلەردىن تون كەيگەن دەرەخلەر، قىزىل، كوك، بىنەپشە، ھال رەڭدە ئېچىلغان چېچەكلەر، ئىپار، كاپۇر ھىدى بىلەن تولغان جاھان، دۇنيانى قەرەل-فۇل ھىدلىرى بىلەن تولغازغان تاڭ شامىلى، بىرى سۇ ئىچسە، بىرى تۇرۇۋاتقان، بىرى ئۇچسا، بىرى قونۇۋاتقان قۇشلار، تىزغان توگىدەك قاتارلىشىپ يۇقۇرى-تۆۋەن ئۇچۇشۇۋاتقان تورنىلار، سويگەن سويۇملىگىنى ئۇنىدىگەن گۈزەل قىزدەك ئىسقىرتىۋاتقان ئولاي قۇش، قاندەك قىزىل ئاغزىدا

قاقىلداۋاتقان قاراقاش كەكلىك، چېچەكلەر ئارا سايراۋاتقان بۇلبۇللار، جۈپ - جۈپ بولۇپ گۈللەر ئۈستىدە سەكرەپ ئوينىشىۋاتقان كېيىك - جەرەنلەر، سىم - سىم يېغىۋاتقان يامغۇر، كۆلگەندەك ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەر، شائىر، ئەڭ ئىزىستا رەسسامۇ ئۇنى تەسۋىرلەشتىن ئاجىز كېلىدىغان مۇشۇنداق بىر گۈزەل مەنزىرىنى ئوز شېرى بىلەن بىزنىڭ تۇيغىمىزغا شۇنداق بىر نەپىس، نازاكەت بىلەن سىزىپ كورسەتمىدۇكى، قەلبلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مەپتۇنى بولۇپ قالىدۇ. بۇ شېئىردىكى لەتاپەت، نازاكەت ۋە تولۇپ - تاشقان گۈزەللىكتىن قەلبلەر تاس قالدۇ ئېرىپ كەتكىلى! …

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇ قەدەر قوزغىتىش ۋە تارتىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى ئەسەر ئىجاتچىسىنىڭ سوزدىكى پاساھەت ۋە بالاغەت ئامىللىرىدىن بولغان مانانى، بايان بەدىئى ئىلىملىرىغا ئالىملىقى ۋە ئۇنىڭ بەدىئى شېئىر يېزىشتا كېرەك بولغان ماجاز، ئىستىئارە، تەشبە، كىنايە، مۇبالىغە ۋە ئىنتىقال (يوتكىلىش) غا ئوخشاش نازۇك سەنئەتلەرنى ئىشلىتىشكە ئۇستىلىقى ۋە بۇ ھونەرلەرنى ئوز شېئىرىگەشۇئۇر بېرەلەيدىغان بىر تەپەككۇر بىلەن ئورۇندىغانلىقىدۇر. چۈنكى قەلبنى ھاياجانغا سېلىپ تىترىتىش ئوڭاي ئەمەس. قەلب كورۇنۇشتە كىچىك بىر پارچە بولغان بىلەن بۇتۇن بارلىق ئۇنىڭ ئىچىگە سىغىپ كېتىدىغان ئاجايىپ زور جىسىمدىن ئىبارەت. قەلب تەرىپىدە بىر ئەرەپ شائىر مۇنداق دەيدۇ:

" ئەتەھسەبۇ، ئەننەكە جورمون سەغىرۇن
ۋە فى كە ئەنتەۋەل ئالىمۇل ئەكبەرو "

تەرجىمىسى: ئوزۇڭنى كىچىك جىسىم دەپ ئويلىما،
سىغىپ كېتىدۇ ساڭا بۇ چوڭ جاھان.

ھەقىقەتەن قەلبنىڭ چوڭلىقىنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدۇ. كىچىككىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر كورگەن، بىلگەن، ئەتكەن، ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھازىر قەلبىڭدە بار. ئەگەر پۇتۇن يەر شارىنى ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقالىساڭ، ھەممە سەييارىلارنى كىزەلىسەڭ ئىدىڭ، ئۇلارنىڭ بارلىقى يەنە قەلبىڭگە سىققان بولاتتى. دېمەك، مانا شۇنداق چەكسىز قەلبنى قوزغىتىش ئوڭاي ئەمەس.

يۈسۈپ ئۇزىنىڭ شۇئۇر (تۇيغۇ) بىلەن تولغان شېئىرىي ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بۇزور ئىشنى، يەنى كىشىلەرنىڭ قەلبنى ھاياجانغا سېلىش ئىشىنى ئورۇنلىغان. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىنى يالغۇز يۇقۇرىدىكى مىسرالاردىلا ئەمەس، باشقا جايلاردىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن، مەسىلەن: "كەچ بولدى" دىگەننى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

4959. قىزىل يوز ئوڭى ئوڭدى بولدى سارىغ
ئاجون بولدى ئالتون ئوڭى تەگ ئارىغ

يەشمىسى: قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سىرىغ،
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭدەك ئىرىغ.

4960. ياشىق تورتتى يوزكە سارىغ زافەرەن
ئوزىن قىلدى مىنا ئوڭى تەگ جاھان

يەشمىسى: قۇياش سۇرتتى يۈزىگە سىرىغ زەپىران،
پۈركەندى ھاۋارەڭ شىشىگە جاھان.

4961. قالىق بوترو توتتى سەۋوكلەر قاشى
ئاجون بولدى زەنگى ھەبەش قىرتىشى

يەشمىسى: مەشۇقلار قىشىدەك بولۇپ ئاسمان،
ھەبەش زەڭگى تۇسىگە كىردى جاھان.

3948. يوزىن كىزلەدى يىركە رومى قىزى
ئاجون قىر تىشى بولدى زەنگى يوزى

يەشمىسى: يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمى قىزى،
جاھانىنىڭ يۈزى بولدى زەڭگى يۈزى.

»تاڭ ئاتتى« دىگەننى مۇنداق سەنئەتلەر بىلەن بىرىدۇ:

4966. قالىق يىرتتى كەزمىش قارا كوڭلەكىن
ئاچىلدى ياروق يوز كوتوردى ئەگىن

يەشمىسى: پەلەك يىرتتى كەيگەن قارا كوينىگىن،
كوتىرىپ پەرەنجە ئۇ ئاچتى يۈزىن.

4967. كوله باقتى ئورلەپ تالو قىز يوزى
يارودى بو دونيا ئىرى ھەم قوزى

يەشمىسى: كۈلۈپ باقتى ئورلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورىدى جاھانىنىڭ ھەر ئىككى يۈزى.

قاراپ باقايلى، بۇ مىسرالاردا قانچىلىك بەدىئىي سەنئەت ئورۇنلاشقان:

كۆن پېتىش چاغدىكى سېرىغلىقنى ئالتۇنغا ئوخشىتىدۇ. شەپەقنى كۈن يۈزىگە زەئپەر سۈر-تىلدى دەپ ئوخشىتىش قىلىدۇ. كۈن يوقۇلۇپ ھاۋانىڭ قاراڭغۇلاشقانلىغىنى شىشىگە، ھاۋانىڭ قا-رايغانلىغىغا مەھبۇبلەرنىڭ قارا قاشىنى ئىستىئارە قىلىپ كورسىتىپ ئوخشىتىش ياسايدۇ. زەڭگى يۈ-زىنى كېچىدىن، رۇمى قىزىنى قۇياشتىن كىنايە قىلىدۇ. ھاۋانىڭ زۇلمەت بىلەن تولغانلىغ-نى قارا قۇش يۈگى بىلەن تولدى دەپ مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىش قىلىدۇ. كېچە قاراڭغۇسىنى قارا كوينەككە ئوخشىتىپ، تاڭ ئاتقانلىغىنى قارا كوينەك يىرتىلدى دەپ ئىستىئارە قىلىدۇ. قۇياشنىڭ تۇغۇپ چىقىشىنى قىز يۈزىگە ئوخشىتىپ، تەشبە ۋە مۇبالىغە سەنئىتىنى ئىشلىتىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش...

ئەگەر شائىر شۇئۇرلۇق شېئىر يارىتاي دىمىسە، «كەچ بولدى، تاڭ ئاتتى» دىگەن ئىككى جۇمە-لە بىلەن مەقسەت ئۇقۇلاتتى. لېكىن شائىر يۇقۇرقىدەك گۈزەل ئىبارە ۋە سەنئەت ماھىرلىغى بىلەن مەقسەتنى ئىپادە قىلغانلىقتىن، شېئىرىيەتنىڭ شۇئۇرلۇق رەڭمۇ - رەڭ گۈللىرى بىلەن گۈلدەستەتۇ-زۇپ سۇنۇلغانلىقتىن، قەلبلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مەپتۇن، جانلار ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان. چۈنكى قەلب ۋە جان ھەر قاچان گۈزەللىكنىڭ مەپتۇنى ۋە ئاشىقلىرىدۇر.

بۇيۇك ئەدىپ بۇ ئەسىرىدە بەدىئىيەتنىڭ يۇقۇرقىدەك يۈشۈرۈن ئامىللىرىنى ئىشلىتىش بىلەنلا قالماي، شېئىرنىڭ ئاشكارا سەۋەپلىرىدىن بولغان ۋەزىن، قاپىيە، تۈرلەرگە ھەم ئېتىۋار بېرىدىپ، رۇبائى، قەسىدە، مەسنەۋى، تەجنىس، تۇيۇق، ئىنتىقال (يوتكىلىش)، ئىرسالۇلمەسەل (سوز-نى مەسەل بىلەن كۈچلەندۈرۈش) سەنئەتلىرىنى ھەم قوللىنىپ ئوتكەن. ئەسەردىكى ھەممە رۇبائىلار «ئىرسالۇلمەسەل» يولى بىلەن كەلتۈرۈلگەن يۇقۇرقىدىكىلەرگە مىسال:

روبائىلىرىدىن:

6343. نەچە قازغو ساقىنىچ سىنى بولناسا
يانا ئوق كولەر كوز نەچە يىغلاسا
ئاجون ئوگدىسى بو تەلىمدە بەرو
ئەسىز تەزگو ئەرتەر نەچە يىغلاسا

يەشمىسى:

سېنى قانچە قىلسا ئەسىر قايغۇ-غەم،
كۈلەر بۇ كوزۈڭ يىغلىسا قانچە ھەم،
جاھان قانۇنى بۇ ئۇزۇندىن بۇيان،
ئوتەر قانچە ئۇرسا يامان-ياخشى ھەم.

6479. قانى بىر كونىلىك قىلغىلى قانى
قانى تەگرىلىق ئىش يورگىلى ۋ

ئاجون بارجا بوترو توكەل ئارتادى
كوروپتاڭلا داچى قانى بىرمونى

يەشمىسى: قېنى بىر دۇرۇستلۇق قىلۇچى قېنى،
خۇدالىق ئۇچۇن ئىش قىلۇچى قېنى،
جاهان باشتىن-ئاخىر بۇزۇلدى پۈتۈن،
كورۇپ تاڭ قـ . كىشى بارمۇ قېنى.

3168. بىلىڭ بىرلە يازلور قاموغ تەرس توكون
بىلىڭ بىل توقوش ئوق تىرىلگىل ئوگون
بىلىڭ ئىشقا توتغىل تاقى تىل كونى
تاقى توگرەنو تور توسانما بو كون

يەشمىسى: بىلىم بىرلە يىشىلۇر پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ياشىغىل ئوگۈن (ئەقىللىق)،
بىلىم بىرلە ئىش قىل تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۇگەن سەن، بىكار كەتمىسۇن مۇشۇ كۈن.

2759. كوڭول تىل كونى توت قىلىنچىڭ بوتون
ساڭا كەلگو دەۋلەت بو دونيا بوتون
كونى بولدوڭ ئەرسە قوتازغاي كونوڭ
سىلامىت تىرىلگىل سەۋىنچىن قوتون

يەشمىسى: كوڭۇل تىلىنى تۈز تۇت قىلىقنى پۈتۈن،
كېلۇر ساڭا دولەت بۇ دۇنيا پۈتۈن،
ئەگەر توغرا بولساڭ قۇتاتقاي كۈنۈڭ،
تەجنىس سالامەت ياشايسەن سۈيۈنچە قوتۇن.

1247. ئەزىز ئول، ئەزىز كىم، ئەزىزلەرگە ئىز
ئانىڭدىن تەگىر ئىز، ئەزىز ئەمدى قىز

يەشمىسى: ئەزىز ئول ئەزىز كىم، ئەزىزلەرگە ئىز (ئىززەت)،
ئۆزىڭدىن تىگۈر ئىز، ئەزىز ئەمدى قىز.

4289. ئوتونقا قاتلىما ئاي ئاشلى ئارىغ
يوزوڭنىڭ سوۋىن ئىلتىگە سىڭدىن ئارىغ

يەشمىسى: قوشۇلما نادانغا ئەي ئەسلى ئېرىغ،
توكەر ئابىرۇيىنى سېنىڭدىن ئېرىغ.

4558. ئاجونا يازلىماق تىلىسە ئاتىلىق
ئومەگ ئىزگو توتغىل يوگوردى ئاتىڭ

يەشمىسى: جاھانغا يېيىلسۇن دېسەڭ سەن ئېتىڭ
مۇساپىرنى كۈتكىل، تارار شوھرىتىڭ.

1628. بولوغلوغ كورورمەن ياراغو مونى
كىچىگلىكتە تاشتىن ئازىن يوق مونى

يەشمىسى: كورەرمەن يارامىلىق تولۇق مەن ئۇنى،
كىچىكلىكتىن توزگە ئۇنىڭ يوق مونى (ئەيىۋى)

يۇقۇرىقىلار — بۇ بەدىئىي ئەسەر ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت دېڭىزىدىن ئېلىنغان بىر قانچە تامچىلاردۇر.

«قۇتاتقۇ بىلىك» مانا شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ، تۈزۈلىشى، مەزمۇنى، غايىسى، ئىنسانىيەتكە پايدىسى، تەلىم - تەربىيىسى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك شېئىرىيىتى بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەندۇر. ئۈنچە - مارجان دۇۋىلىرى بىلەن تولغان بىر غەزىنە تاماشىچىسى بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن جۇلالىق قىممەت باھا گوھەرلەر ئارىسىدا قانداق ھەيرەتتە قالىدىغان بولسا، «قۇتاتقۇبىلىك» غەزىنىسىنى كوزدىن كوچۇرگەنلەرمۇ شۇنداق ھەيرانلىقتا قالىدۇ. ئالمىسا كوڭلى ئۇنىمايدىغان، ئالسا ئېلىپ تۈگىتەلمەيدىغان بىر ئەھۋالغا ئۇچرايدۇ.

يۇقۇرىدىكى قۇرلارنى يېزىپ كېلىۋاتقان قەلەممۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەيرانلىق گىرىپتارى بولغانلىقىنى ھىس قىلىپ، چارىسىز ھالدا «قۇتاتقۇبىلىك» دىن تۆۋەندىكى بېيىتلەرنى كەلتۈرۈش يەولى بىلەن يورۇشنى بەس قىلىدۇ:

3496. ئۆزۈڭگە باغىرساق سېنىڭ ئوز ئوزۇڭ،
كىشىكە ئىنانما كەسىلدى سوزۇڭ

يەشمىسى: نوزۇگكە كويۇمچان سىڭىلىڭ ئۇز ئۇزۈلۈڭ،
كىشىگە ئىشەنمە تۇگەت بەس سوزۈڭ.

869. تاشى تەك ئىچى ئۇل ئىچى تەك تاشى
بۇ يەگىلىغ بولۇر ئۇل كونى چىن كىشى

يەشمىسى: تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى
بۇ يەگامىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى

كوڭۈلنى چىقارسا ئايادا توتۇپ،
يورسا ئو يازماي يالڭۇق كوروپ.

يەشمىسى: چىقارىپ يۈرەك ئالقىنىدا تۇتۇپ،
ئۇياتماي يۈرەلىسە ئەلنى كورۇپ.

## بوۋام ئىزىدىن

ئىلھامجان ئابلىز

ئەي بۇيۇك، چىن ئىنسان يۇسۇپ خاس ھاجىپ،
كىتاۋىڭ كورگەندە سويۇندى دىلىم .
ئىجادىڭ بولغاچقا خەلقىمگە مەنسۇپ ،
تەشەككۇر ئېيتىمدۇ سەن ئۇچۇن ئىلىم .

كىتابىڭنى كوردۇمكى ئۇلۇغ بىر سىما .
ئەجداتىم ئەزەلدىن بىلىملىك ئىكەن .
بىلدىمكى ، ئەشۇلار نون ئەسىر بۇرۇن ،
مەرىپەت كوكىدە پەرۋاز ئەيلىگەن .

شۇ گوھەر كىتاۋىڭ دۇنياغا مەشھۇر ،
ئۇنىڭدا بى باھا بىلىم مۇجەسسەم .
كوزۇمنىڭ قۇۋۋىتى ئاشىدۇ ھەر چاغ ،
شۇ ئۇلۇغ قامۇسنى ۋاراقلاپ كورسەم .

شۇ ئۇلۇغ نامىڭنى قەلبىمگە تېڭىپ ،
بارىمەن يولۇمنى شانغا تولدۇرۇپ.
نۇرلەيمەن چوققىغا سىڭىلىڭ ئىز، دىگەندىن،
كەشپىيات - ئىجاتتىن ئىزلار قالدۇرۇپ .

## ئەلشىر ناۋايىنىڭ فەرد① لىرىدىن

ئۆلكى ھەق بارىندا مەقسود ئىستەگەي بىر زاتتىن
مېھرىبارىندا ياروغلوق كوز توتار زەرراتتىن

( كىمكى ھەقنىڭ ئالدىدا مەقسىدىنى باشقا كىشىدىن تىلىسە ، مۇھەببەت تۇغرىسىدا زەر - رەنىڭ يورۇغلۇقىغا كوز تىككەن بولىدۇ)

تەمە ئەتمە كوپ ئۇلسا ئەل مالى
كورمەيىن ھەق خەزىنىدىسىن خالى

(تەڭرىنىڭ خەزىنىسىدە ھېچنىمە يوق دەپ ئويلاپ، كىشىلەردىن بىر نەرسە تەمە قىلما).

مورۇۋۋەت بارچە بەرمەكدور يېمەك، يوق
پوتوۋۋەت بارچە قىلماقدور دېمەك يوق

( ئوزى يېمەي تۇرۇپ بەرسە، مورۇۋۋەت - ئادىمگەرچىلىك ، ئەركەكچىلىك بولىدۇ . دې - مەي تۇرۇپ ئىشلىسە پوتوۋۋەت - مەردلىك بولىدۇ ).

موزەۋۋەر مەكرى بولدى موجىبى قەير
نىچوككىم تولكو يەئنى بائىسى سەير

( تۈلكىنىڭ ھىلىگەرلىك ۋە مەككارلىقى ئۇنى ئوۋلاشقا سەۋەپ بولغىنىدەك ، خىلمۇ - خىل ھىلە - مىكىرلەر ، خىلمۇ - خىل باغلاق ۋە توزاقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان).

مەست موغ دەيرى رىيايى خىلۋەتىمدىن ياخشىراق
يوشورون ئىسيانى زاھىر تائەتىمدىن ياخشىراق

( كىشىلەرنى كورسۇن دەپ يالغۇز ئىبادەتخانىدا ئولتۇرغىنىمدىن ، قاۋاقخانىدىكى غەرق مەستلىكىم ياخشىراقدۇر ، كورسۇن دەپ قىلغان ئىبادىتىمدىن مەخپى گۇناھ قىلغىنىم ياخشىراقدۇر).

---

① فەردنىڭ لۇغەت مەنىسى «تاق» ، «يالغۇز» دېگەن بولۇپ، شېئرىيەتتە، بىرلا يالغۇز - تاق بېيىتتىن ئىبارەت شېئىرلار فەرد دېيىلىدۇ. بۇ شېئىرىي شەكىل كۆپىنچە نەسرى ئەسەرلەر ئارىسىدا پىكىرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

رەنج كەش ئۆلكم چوتارتار چوغز ۋەيران ئىچرە رەنج
ئەژدەھادىن بىرى يوق ئەمما ئىرور ئۇمدى گەنج

( ھۇقۇش ۋەيرانىدا جاپا چەككەندەك ، جاپاكەش ئەژدەھادىن ئەنىدىشە قىلماستىن ، ئالـ
تۇن تەمەسىدە بولىدۇ).

ئەل ئىچرە ئەي ھوسود سىنى قىلدى ھەق زەلىل
كىم، ناھەق ئەلگە زىت سەن ۋەھەق مالىغە بىخىل

( ئەي ھەسەتخورلوق ـ ئىچى تارلىق ، ھەق سىنى خەلق ئىچىدە خار قىلدى ، چۈنكى
خەلققە قارشىسەن، خۇدانىڭ مېلىغا بىخىلسەن).

غاپىل ئولما نەزەردىن ئوتسە ئەدوۋ
شەمئ ئوچورگەندە يەل كورونورمو؟

( دۈشمەنلىكى ئالدىڭدىن ئوتكەن دۈشمەندىن بىخۇت بولما، چىراغنى ئۆچۈرگەن شامال ساڭا
كورۈنمىگەندەك ئۇ ساڭا زىيان سالمىسۇن).

يوقار يامانلىق ئاڭا كىم بار يامانلار ئارا
كومور ئارا ئىلىك ئورغان قىلور ئىلىكنى قارا

( كومورنى تۇتقان كىشىنىڭ قولىغا قارا يۇققاندەك ، يامانلار بىلەن يۈرگەن كىشىگە ئۇنىڭ
يامانلىقى يۇقىدۇ ).

ئەبلەخ ئانى بىل كى ، ئالەمدىن باقا قىلغاي تەمە
ئەخمەق ئولكىم ئالەم ئەھلىدىن ۋاپا قىلغاي تەمە

( بۇ پانى ئالەمدىن مەڭگۈلۈك تەمە قىلغان كىشىنى ئەبلەخ دەپ بىل ، ئالەمدىن ۋاپا تەمە
قىلغان كىشىنى ئەخمەق دەپ بىل ).

ئولكى ساڭا ئەلدىن ئىرورئەيب كو
ئەلگە داغى سەندىن ئىرور ئەيب جو

( كىشىلەرنىڭ ئەيىۋىنى ساڭا سوزلەپ بېرىدىغان كىشى سىنىڭ ئەيىۋىڭنىمۇ باشقىلارغا سوز ـ
لەپ بېرىدۇ ).

كىشى ئەيىبىڭ دىسە دەم ئورماغىلكىم، ئولدورور كوزگو
چوكوزگو ترە بولدى ئوزگە ئەيىبىڭ زاھىر ئەيلەرمو؟

( كەمچىلىكىمىزنى كورسۈتۈپ بەرگەن كىشىگە خاپا بولما ، چۈنكى ئۇ ساڭا ئەينەكدۇر . ئەينەك بولمىسا يۈزۈڭدىكى قارىنى كورەلەمسەن؟)

ناز ئىلە ئەۋۋەل مېنى پىرىفتە قىلدىڭ
ئەمدىكى تاپتىم پىرىق شەيوپتە قىلدىڭ

( ئوزۈڭنى ئوينۇتۇپ مېنى ئالدىدىڭ ، ئالدىغانلىقىڭنى ئەمدى بىلگەندە ، ئوزۈڭگە ئاشىق قىلىۋالدىڭ ).

ئانداق كورۇندى سەبزە ئاراسىدا لالەلار
كىم، سەبزە خەتلەر ئىلگىدە گولگون پيالەلار

( گۈزەل مەھبۇبلار قولىدىكى گۈل رەڭلىك پيالىلار ياپ ـ يېشىل مايسا ئارىسىدىكى لالىلەردەك كورۈندى ).

چون ئىلىك بەرمەسكى ئۇپسەم ئول ستەمكار ئىلكىنى
ئول كىشى ئىلكىنى ئوپەيكىم توتقاي ئول يار ئىلكىنى

( ماڭا زۇلۇم قىلغۇچى يارنىڭ قولىنى سويەيدىسەم، قولىنى بەرمىسە ، شۇل يارنىڭ قولىنى تۇتقان كىشىنىڭ قولىنى سويەي).

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرېھىم توختى

---

(بېشى 104 ـ بەتتە)

قونداقىقا چىقاي دەپ ھەريانغا چاپتىمىڭ،
خورازغا خوشامەت تونىنى ياپتىڭ.
ئېيتقىنا، ئاخىرى نىمىنى تاپتىڭ؟
بەخت گۈلى تۈزۈلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا.

خوراز بەگ دەپ بىكاردىن ئاۋارە بولدۇڭ،
باش ئۇرۇپ، پىقىراپ پەرۋانە بولدۇڭ.
تولۇشتىن قورقىمىدىڭ، " مەردانە " بولدۇڭ.
" جەننەت " نى كورەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا.

خوراز بەگ شەنىگە ياڭراتتىڭ غەزەل،
پۈكۈلدىڭ ئۇچۇرۇپ كورسۈتۈپ گۈزەل.

دىدىڭكى، تاج كىيىش ھەممىدىن ئەۋزەل،
زەر لىباس كىيەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا.

ياراتماي كولىنمۇ قىرغاققا چىقتىڭ،
ئىلاندەك يامىشىپ پۈتاققا چىقتىڭ.
قانات قىلماي ھىچ قونداققا چىقتىڭ،
ئارمانغا يېتەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا.

خاقانلىق نەدىكەن؟ ۋەزىرلىقمۇ يوق،
بولغاندۇ پۈشايمان كوكرىكىڭگە ئوق.
قەۋرەڭدە ياتقىن تېچ ئەمدى كوڭلۇڭ توق،
ئەلگە نەپ بېرەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا.

1981 ـ يىل، ئاپرىل، بېيجىڭ.
( رەسىملەرنى ئابدۇۋايىت ئابدۇللا سىزغان )

# سالام، قەشقەر

تەھرىر ئىلاۋىسى:

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان شىمالدىكى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ جەنۇپنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار 9 - ئايدا قەشقەرگە كەلگەن ئىدى. بۇ مەزگىلدە ۋىلايىتىمىزدىكى بىر قىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە قىزغىن ھال سورىدى. ئۇلارمۇ ۋىلايىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشتى. ئۇلار يەنە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەۋرىسىنى يوقلىدى، مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئەنئەنىۋى بايرام — قۇربان ھېيتىنى قەشقەر خەلقى بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا قىزغىن دوستلۇق مۇھەببىتى ۋە ئىتتىپاقلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

## شېئىرلار

تۇرسۇن زىردىن

### قەشقىرىم

مەس بولۇپ ئىشقىڭدا مەن،
تۇت مۇجەل كەتتى ئۆتۈپ.
ھەر كۈنى ياد ئېتىمەن،
كەتمىدى ئارزۇ يۈتۈپ.

ئارزۇيۇم ئاچتى چېچەك،
ئات توقۇپ قىلدىم سەپەر.
كۈن ساناپ، ئايمۇ دېدىم،
قانچە كەچ، قانچە سەھەر

ئاخىرەن كەلدىم يېتىپ،
قەشقەرىم باغرىڭغا مەن.
خوشلۇغۇم ئاقتى تېشىپ،
كورۈشۈپ بولغاندا جەم.

دۇم يېتىپ ئىچتىم سۈيۈڭ،
تۇتىيا-زەم – زەم بىلىپ.
ھېيتكانى قىلدىم تاۋاپ،
خوش ھاۋا نەپەس ئېلىپ.

سۈپىڭغا قويدۇم بېشىم،
مۇنارىڭغا ياقتىم يۈرەك.
ئاتىلار ئەجرى ئۇلۇق،
ماڭا بۇ بەردى دىرەك.

قايرىلىپ باقتىم يەنە،
نۇر چاچار مەھمۇت ئىزى.
نۇر چاچار جەۋلان قىلىپ،
ئاتىمىز يۈسۈپ ئىزى.

قايرىلىپ باقتىم يەنە،
ئوچمىگەن نوزۇك ئىزى.
يالتىراپ تۇرار ئەنە
ئۇستىكار، رەسسام ئىزى.

قەشقەرىم تۇققان ئۆزەڭ،
شۇنداق ئاتا، شۇنداق ئانا.
ئاتىلار ئىزى ماياك،
يېتىلىدىبىزنى يەنە.

ئىز بىسىپ كەپتۇ مانا،
نەزمىكەش ئوغلانلىرىڭ،
تىلىدىن كۈي توكىدۇ،
بىباھا چولپانلىرىڭ.

ھەر بىرى ئۇستاز ماڭا،
دىلدىشىم، قولداش ماڭا.
ھەر قەدەم باسقان چېغىم،
ھەمرىيىم يولداش ماڭا.

ھە، شۇڭا باغرى بىلىپ،
ماڭا كەڭ ئاچتى قۇچاق.
سويۇنۇپ تەنۇ – جىنىم،
ئۇرغىدى مۇشۇ قوشاق.

ئەسسالام، قەشقەر ساڭا،
ئەسسالام، ئاتا – ئانا.
ئەسسالام، ئاچا – سىڭىل،
ئەسسالام، ئاكا – ئۇكا.

1983 – يىل، 15 – سىنتەبىر، قەشقەر

## چال، ناغرىنى

چال ناغراڭنى قىررىنىدىشىم،
دوستلىرىمنى ئېلىپ كەلدىم.
سېتى ئەسلەپ يۈرۈگۈمدە،
دۇتتارىمنى چېلىپ كەلدىم.

سەن ياڭراتسالڭ ھېيت ناغرىسى،
دومبۇرىنى ئايگۇلەككە؛
موڭغۇل يىگىت كۈي قاتىدۇ،
سېلىپ ئىلھام ھەر يۈرەككە.

١

ناخشا ئېيتىپ كەلگەن ئىدى،
ئاتا ـ بوۋا بولۇپ بىللە؛
بۇ سوزۇمگە گۇۋا زېمىن،
بۇگۈن يەنە بالا بىللە.

جەم بوپتىمىز قۇربان ھېيتتا،
سامارىمىز بىللە بولسۇن.
بىللە ئېيتقان ناخشا ياڭراق،
سادالىرى كوككە يەتسۇن.

1983ـ يىل، 15ـ سىنتەبىر، قەشقەر.

## كوڭلۇم يايرىدى

كۇيچى دەيدۇ بۇلبۇلنى،
بىلەلمىدىم تىلىنى.
تىلى ماڭا نە كېرەك،
قەلبى، كۇيى، دىلىنى.

كېلىۋىدىم قەشقەرگە،
كۇندە بۇلبۇل سايرىدى.
ئۇقتۇم تىلى، دىلىنى،
ھەجەپ كۇڭلۇم يايرىدى.

1983ـ يىل، 15ـ سىنتەبىر، قەشقەر.

# شېئىرلار

قېيۇم سوپى

## دوستلار شەنىگە

سالام دوستلار ئۇچۇپ كەلدۇق يىراقلاردىن،
كۆي-ناخشاڭلار كەتمىگەچكە قۇلاقلاردىن.
تەشنالىقلار قاندى مانا خۇشال جەم بوپ،
چاڭقىغاندا سۇ ئىچكەندەك بۇلاقلاردىن.

ئېلىپ كەلدۇق ئالمىزارنىڭ ئالمىسىدىن،
ئىلىلىقنىڭ قەلبى ئايان ھەر دانىسىدىن.
مەڭگۇ دوستلىق قوشاقلىرى جاراڭلايدۇ،
مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرنىڭ تارىسىدىن.

## سالام، قەشقەر

سالام قەشقەر، ئانا قەشقەر، گۇزەل قەشقەر،
يۇرۇگۇمنىڭ قېتىدىكى غەزەل، قەشقەر.
قۇتلۇق نامىڭ تەكرارلىدىم، ئەزىزلىدىم،
لەۋلىرىمدىن تامچىلىدى ھەسەل، قەشقەر.

ئارزۇلۇرۇم چېچەك ئاچتى يۇرەك تۆرىدى،
ۋۇجۇدۇمدا ھاياجاندىن ماگما ياندى.
مىڭ كوز بولۇپ مۇھەببەتتە باقتىم ساڭا،
خوشاللىقتىن تومۇردا قان ئۇخچۇپ ئاقتى.

يار چىرايى جىلۋە قىلغان جامالىڭدىن،
بەھىش ھوزۇرى بەخش ئەتكەن باھارىڭدىن.
يۈرۈكۈمگە ئاقتى ئىلھام، ئاقتى يالقۇن،
سېنىڭ مەزمۇت چىنار بەستىڭ مادارىڭدىن.

ئىمىشكىمۇ جان ئانامدەك سۆيمەي سېنى؟!
ئىلىخودەك ئىززىدانە كورمەي سېنى؟!

تىيانشاننىڭ ماڭلىيىدا گوھەر تۇرساڭ،
كوزلىرىمگە تۇتمىيا قىپ سۇرمەي سېنى.

سېنىڭدە بۇۋام كىندىك قېنى يېنىپ تۇرسا،
قەبرىسىگە قىزىل گۈللەر يېپىپ تۇرسا.
ئىمىشكىمۇ سۆيمەي سېنى يۈرىكىمنىڭ،
بىر پارچىسى كوكرىكىمدە تېپىپ تۇرسا!

## ھېيتكا

مۇبارەك جان ھېيتكا، سۆيۈملۈك ھېيتكا،
ئەجدادتىن ئەۋلادقا تەۋەرۈك ھېيتكا.
سىنىڭدىن سويۇنمەس قايسى بىر يۈرەك،
توپىسى،
تۇزىڭى
كورۇملۈك ھېيتكا.

سەلتەنەت قەشقەرنىڭ - قەدىمى يۇرتىنىڭ،
يۇلتۇزدەك چاقنىغان يورۇق كوزىسەن.
سېنىڭدە تۇغۇلغان بادام دوپپىلىق
يىگىتىنىڭ مەردانە تىلى - سوزىسەن.

كورىمەن سېنىڭدە شاۋقۇنلۇق ھايات،
چۈنكى سەن ھاياتنى ئۇستۇرگەن ئانا.
كورىمەن سېنىڭدە خىسلەتلىك دۇنيا،
گۈزەللىك بابىدا تەڭداشسىز رەنا.

ئىجاتكار،
سەنئەتكار مىللەت قولىنىڭ
ھىكمىتى گوھەردەك يالتىراپ تۇرار.
تېمىڭدا بەئەينى گۈلشەن يەلپۈنۈپ،
گۈللەرنىڭ كوركىنى گۈپۈلدەپ پۇرار.

پەستىكى راۋاقنىڭ خۇشخۇي ناۋاسى،
ئېگىزدە ياڭرىغان نافرا ساداسى،
ئەرشكە ئاتىدۇ شاتلىقتىن مېنى،
بەس - بەستە قىزىغان ئۇسۇل-ساماسى.

سېنى ساز - ناخشىنىڭ قايىنمى دەيمەن،
ئومۇرنىڭ خوشلىقى-بايلىقى دەيمەن.
سېنىڭدىن قەلبىمگە ئاققان ھىسسىياتنى،
ئىلھامنىڭ جەۋھىرى - قايمىقى دەيمەن.

سەن ئالتۇن قامۇسسەن، بەتلىرىڭ ئىچىپ
ھەر قۇردىن كۆرەشچان ئەسىرلەر كوردۇم.
مەردانە بوۋىلار ئىرادىسىدىن،
يارالغان پولاتتەك قەسىرلەر كوردۇم.

ئەنە شۇ ئىزلارنىڭ مەشئەل نۇرىدا،
ئەۋلادلار كارۋىنى دادىل باسىدۇ.
بۈگۈنكى يۈكسۈلۈش چىلىشلىرىدا،
يىللارنىڭ بوينىغا يۇلتۇز ئاسىدۇ.

ھە، قېنى ياڭراتقىن راۋابىڭ ھېيتكا،
ئالىمزار قويىنىدا ئاڭلاپ تۇراي مەن.
مۇتەللىپ، سادىرنىڭ ناخشىسىن توۋلاپ،
ئۈزۈلمەس كويۈڭگە تەڭكەش بولاي مەن.

☆

ئەي ھېيتكا مەن كەلدىم سالام بەرگىلى،
شۇنچە مول داستىخان سالدىڭ سەن ماڭا.
قوبۇل قىل بۇ ئاددى كويۈمنى شۇ دەم،
يۈرۈكۈم ئورنىدا تۇتتۇم مەن ساڭا!

# ئىككى شېئىر

ئېتقالى ئوسپان ئوغلى ( قازاق )
(« شوعلا » ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى )

## كەلدۇق تارتىپ ئىشتىياق....

قەشقەر ـ قەشقەر، نامىڭ ماڭا تونۇش ئەزەلدىن،
گۈل شەھىرسەن ناخشا ئىمىپ تۇرغان بەرگىڭدىن.
ئۇيغۇر بىلەن ( ساڭا كىندىك قېنى توكۈلگەن )
قان قېرىنداش قازاق كۈيلەر سېنى ـ قەلبىمدىن.

ئېلىپ كەلدىم ساڭا قازاق خەلقىدىن سالام،
شېئىر ـ كۈيى يۈرىكىمدە ياسىغان قاينام.
سۆيۈملۈك ئۈز دىدارىڭغا كەلدىم قاناي دەپ
ھور زامانەم بۇ كوڭلۈمنى ساڭا قىلىپ رام.

قەشقەر ـ قەشقەر، گۈزەل دىلبەر ئامان تۇرۇپسەن،
يېزا ـ كەنتىڭ قاتار ئاۋۇل ـ قىشلىغىم بىلەن.
تۇرساق، كوچسەك سەپىرىمىز بىرگە ھەرقاچان،
ئورتاق بىزگە چەكسىز يايلاق، تاغ ـ دالا، گۈلشەن.

كورگەنلىرىم كوپتۇر قەشقەر ساڭا كوز سېلىپ،
ئەنە ئۇ تاغ باتۇرلىرى ئىشلەر ئىزدىنىپ.
سالما ئاتسا چاپچىپ قاچقان تۇسۇن ئات كەبى،
شوخ تەلۋىچۈك، تومەن ئوركەش ياساپتۇ ئېقىپ.

ئوغلۇڭ قەيسەر، قىزىڭ چېچەن، چىرايلىق ـ زىبا،
تاشتۇردى كۈي بولىغىنى يۈرەك قېتىدا.
ئاي يۈزىگە رومال ياپقان يېڭى كېلىندەك،
تېغىڭ گۈلگە پۈركۈنۈپتۇ، بولدۇم ئەھا...!

باغلىرىڭدا يالتىرايدۇ ئالتۇن سىرغىلار،
ئەنجۈر، ئانار بالدەك تاتلىق تەمى تىل يارار.
قۇچىقىمنى ئېچىپ ساڭا تەڭرى تېغىدەك،
ناخشا ئېيتاي ئاڭلا قەشقەر ـ قەدىمى دىيار.

بۇلدۇقلىغان نۇر بۇلاقتا سۆيگۈ كۆچىدىن،
ئېگىشىپ سۇ ئىچتىم « هاي ـ هاي تېرەك » تۈۋىدىن.
غەزەل خۇمار ئوغلى بولغاچ دوستلۇق قازاقنىڭ،
شېئىر ـ قوشاق توكۇلدى بۇ كۆڭلۈم كۆزىدىن.

كۆرۈپ هەيران قالدىم ئاپپاق غوجا قەۋرىنى،
بىلدىم يىغا ئاۋازىدىن پىراق دەردىنى.
ئاسمانىمدۇ، پەرىزاتلار تېغىمىدۇ يا ؟
مېنى مەپتۇن قىلدى بۇچۇلۇڭ گۈمبەز هەيۋىتى !

قەشقەر سەندە ئۇسۇل ئوينار سەنەم ناز بىلەن،
زەرەپشاندەك دولقۇنلۇنۇپ، ناخشا ـ ساز بىلەن.
شائىر قۇربان ئىمىن قولغا ئالسا قەلەمنى،
مەرۋ يىتتەك تېزىلىدۇ مىسرا ـ پۈتۈلگەن.

جۇڭغار، تارىم بىزنى تۇققان ئېزىز ئانىمىز،
توي ـ بەيگىدە جەڭدە بىرگە بىز ئات چاپىمىز.
« ئايرىلمايدۇ قازاقتىن ‹ ئاق › ‹ چۈنكى كۆڭلى ئاق › »
دەپ مىرزاهىد ناخشا ئېيتسا تەڭكەش تارىمىز.

بىز ياشىغان خان تەڭرىنىڭ ئۇ قېتى يىراق،
كۆمۈش كۆزدە كەلدۇق ساڭا تارتىپ ئىشتىياق.
بىزنى هىچبىر تاغۇ ـ دەريا ئايرىۋەتەلمەس،
ئۇيغۇر، قازاق قىز ئېلىشقان تۇققان بىز ـ ئىناق.

1983 ـ يىل 18 ـ سىنتەبىر، قەشقەر

## ساما

ناغرا ئۇنى ياڭراپ كوكنى قاپلىغان ،
كوردۈم «ساما» ئۇسۇلىنى شادىمان .
دولقۇن ياساپ، ئورلەپ، پەسلەپ ئايلىنىپ،
غۇلاچ كىرىپ ئەزىمەتلەر ئوينىغان .

نېچۈن قۇياش تۇرالىسۇن ئۇرچاچماي!؟
بۇ ئۇسۇلغا تەشنا بۇلار تۇندە ئاي.
ساما ئۈچۈن ياسالدى جاي كوڭلۈمدە،
قەشقەر، ئوينار ئەۋلاتلىرىڭ توختىماي!

گۈمبۈرلىگەن ئاۋازىدىن ناغرىنىڭ،
تەۋرىشىنى كورگىن قەشقەر باغرىنىڭ .
ئوينار ساما پەرۋاز قىلىپ ئادەملەر،
بۇرغۇن بولۇپ كوپۈكلىرى ئاغزىنىڭ.

ياشالارمۇ ئۇيغۇر ناخشا ـ ئوسۇلسىز ،
ناخشا ـ ئۇسۇل جېنى تۇرسا ـ ئۇنىڭسىز ؟
ناخشا يۇرتى،
ئۇسۇل يۇرتى قەشقىرىم!
مەنزىلگە يەت، ئالغا باسقىن تېنىمسىز .

## شېرلار

جەننەتقان تۇتقا بەگ (قازاق)

(ئېلى پېداگوگىكا ئىنستىتوتىدىن)

### ئەۋلاتلىرىڭ يەتتى بۈگۈن ئارمانغا

سالام قەشقەر ! ئانا شەھەر ـ شوھرەتلىك،
ئەلگە ئايان تارىخىڭ بار ھىكمەتلىك،
ئوتمۈشىڭگە ئۇلۇغ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ،
ئەڭ نوپۇزلۇق شاھىد ئوزەڭ ھورمەتلىك.

مەھكۇملۇقتا چېداپ خورلۇق ـ نازاپقا،
راھەتتاما قىلمىدىڭسەن شۇ چاغدا .
زۇلمەت ساڭا رودىپايدەك چاپلاشتى ،
لېكىن ناخشاڭ ياڭراپ تۇردى جاھاندا.

قارا جەندەكەيگەن مۇدھىش جاھالەت ،
سېنى ۋەيران قىلدى زورلۇق ـ زالالەت.
چىل بورىدەك ئەجەل مىڭىپ كوچاڭدا.
كوكسۈڭگە تىغ ئۇردى ياۋۇز ئاسارەت.

قىزغانچۇقلۇق ھەم ئوچمەنلىك ئۇلغۇيۇپ ،
ئىتلار سېنى تالىغاندا ھولۇشۇپ؛
چىقتى گۇر ـ گۇر ئوكتەبىرنىڭ بورىنى ،
قارا كۈچنىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرۇپ.

ئەۋلاتلىرىڭ يەتتى بۈگۈن ئارمانىغا،
غالىپلارغا ئايلىنىپ بۇ دەۋراندا.
ئوغۇل-قىزىڭ باغلانمايدۇ ياش تولدەك،
ئەمدى «تەقدىر» دىگەن سۆزلۈك ئارقانغا.

ئۇچمەيدۇ باي مىراسلىرىڭ ھېچقاچان،
ئالىملىرىڭ ئەجرى چاقناپ پارلىغان.
تۈگمەس-مول بايلىقىڭنىڭ سەن ئامبىرى،
شۇڭا باغرىڭ جەننەت كەبى ياشنىغان!

## «كېلمەك» ۋە «ئېلمەك»

ياراشقان تاغ باغرىغا،
چەكسىز ئۇزۇن تاش يولدا.
كۆيلەپ كەلدىم قەشقەرگە،
ئارزۇيۇم گۈل ئاچقاندا.

قۇچاق ئېچىپ دوستلىرىم،
قارشى ئالدى «كېلمەك» دەپ.
باققا باشلاپ، دەستىخان-
سالدى يايراپ «ئېلمەك» دەپ.

قىز بېرىپ، قىز ئېلىشقان،
قۇدىلىرىم «كېلمەك» دەپ.
سالدى يولغا پاياندار،
بىزنىڭ ئۆيگە «كىرىڭ» دەپ.

چىقسام ئاندىن كوچىغا،
قىز - چوكانلار «كېلمەك» دەپ.
سۇندى ماڭا سوۋغىتىنى،
«ئەنجۈر، شاپتۇل ئېلمەك» دەپ.

بازار شۇنچە قاينىغان،
دەريا كەبى ئۇركەشلەپ.
قوپتى ئوتۇك مايلىغان-
بالىلارمۇ «كېلمەك» دەپ.

تۇرار ماللار گۈلزاردەك،
جۇلالىنىپ ھىلپىرەپ.
قەدەمدە بىر گەزمالچى،
تەكلىپ قىلدى «كېلمەك» دەپ.

كاسىپ، كادىر، ئىشچىلار،
سالام بەردى ھۆرمەتلەپ.
قېرى - ياشمۇ ئېگىلىپ،
كۈتتى بىزنى «كېلمەك» دەپ.

ئۇيغۇر، قازاق ئەزەلدىن،
ياشىغاندۇر «كېلمەك» دەپ.
بىر - بىرىگە ئىشىك ياپماي،
تۆرگە باشلاپ «ئېلمەك» دەپ.

1983 - يىل، 18 - سېنتەبىر، قەشقەر

## ئىتتىپاقلىق كۈيلىرى

1

بۇلۇتلاردىن، ياپراقلاردىن توكۈلگەن،
تامچىلارنى ئالماس ئادەم كوزىگە.
لېكىن يەرگە سىڭگەن ئەشۇ تامچىلار،
بۇلاق بولۇپ ئاقار تاغدىن تۈۋەنگە.

تۇسالمايدۇ بۇ ئېقىننى ھېچنېمە،
ۋادىلارنى گۈللەندۈرۈپ ئاقىدۇ.
شۇ ئېقىندەك ئىتتىپاقلىق جۇش ئۇرۇپ،
ئانا ۋەتەن ساڭا توھپە قاتىدۇ.

2

يالغۇز بۇلاق ئېقىپ شىر-شىر دەريا بولالماس،
قۇمغا سىڭىپ تۈگەر سۈيى ئورمانغا يەتمەس.

ئاقار ئۇچۇپ قوشۇلغاندا بۇلاق - بۇلاققا،
ئاقار دەريا بولۇپ شار-شار ھەم تۈگەپ كەتمەس.

3

مەۋج ئۇرۇپ دەريالار ياسايدۇ ئوركەش،
ئوركەشلەر پەسلىسە چايقىلار ئۇيقۇن.
دەريالار نىمىشقا توختىماي ئاقار،
ئۇرۇلۇپ قىياغا چاچرىتىپ بۇژغۇن؟

ئاقىدۇ دەريالار چوڭ كۆلنى ئىزدەپ،
قۇيۇلۇپ دېڭىزغا قوشۇلۇپ كېتەر.
كۆڭلىمىز دېڭىزدەك بولسا گەردوستلار،
بىز ئارمان قىلغاندەك ھەممە ئىش پۈتەر.

1983 - يىل، 17 - سېنتەبىر، قەشقەر

# ئىككى شېئىر

دايار بەك زىيادا نوغلى ( قازاق )

( كۆيتىلىڭ، ئىلى خەلق نەشرىياتىدىن )

## باغ

شائىر دوستۇم مىرزاھىد،
كۆيلىگەنتى «تاق» مېنى.
كىلىپ مەنمۇ جان قەشقەر،
مەدھىلىدىم باغىڭنى.

قىلدىم سەيلى - تاماشا،
بارغان يېرىم ياپ - يېشىل.
باغۋەن: «ئۆزۈپ يەڭ، - دىدى، -
مېۋىلەرنى تارتما دىل.»

كائىناتنىڭ جەننىتى،
بېغىڭغا باغ يانداشقان.
ئەمەسمۇ - ھە، ئاققان تەر،
بىدىشلارغا ئېسىلغان؟

پىشقان قىزىل ئانارلار،
شىپا بولدى تېنىمغا.
ئەنجۈر، شاپتۇل مەي بولۇپ.
جان قوشتى بۇ جېنىمغا.

كۆلۈپ زەپەر قۇياشى،
زاۋال ۋاقتى ئوتۇپتۇ.
ياپرىقىدىن مېۋىسى-
كۆپ دەرەخلەر ئوسۇپتۇ.

قويۇنۇڭ چەكسىز چىمەنزار،
كوچاڭ، بازار، ھويلاڭ باغ.
ئالىم مەھمۇت قەشقىرى،
ياتقان ئاۋات - يېزاڭ باغ.

غىزا - گىزەك قويۇلغان،
داسقىنىڭمۇ باغ ئىكەن.
رىسقىنىڭ ھامان كوپىيەر،
ياشناپ تۇرسا باغ دىگەن.

تامغا تارتقان گىلەممۇ،
گۈلگە تولغان باغ ئىكەن.

باغلار دەيدۇ: كور مىنى!
مەن كورۇشكە تەشنامەن!

قازاق بىرەر سۈت، قىمىز،
يولۇچىغا - چاڭقىغان.
ئۇيغۇر يۇرتۇڭ باغ ئىكەن،
كوڭلۇڭ كەبى ياشنىغان.

1983 - يىل، 17 - سىنتەبىر. قەشقەر

## قەشقەر يولىدا

ناخشامنى باشلىسام شۇنداق باشلايمەن:
تارىمنىڭ بۇ يولى - قەشقەرنىڭ يولى.
بۇ يولدىن دۇنيانىڭ سەيياھى ئوتكەن،
بۇ يولدۇر ئەزەلدىن دوستلۇقنىڭ يولى.

باغلاپ چىن ئىشتىياق بۇ يولغا مەنمۇ،
ئىشىپ خان تەڭرىدىن كېلىۋاتىمەن.
ئوتەڭدە توختاشنىڭ ۋاقتى ئەمەس بۇ،
قەشقەرنى كورەي دەپ كېتىۋاتىمەن.

ساياھەت خۇمارى تۇتقان شائىرلار،
خەلقىمە بېغىشلار داستان - شېئىرنى.
بۇ ناخشا سەپىرى - تارىم بويىدا،
قىلدى زەپ شادىمان جەم - ھەممىمىزنى.

بايىتىكمۇ كەلمەكتە چومۇپ ئىلھامغا،
جەننەتقان خىيالى تومەندە ئۈزەر.
ياڭرىغان ناخشىمىز قالمايدۇ توختاپ،
ئىپتىقالى ئۇخلىماي قەلەم تەۋرىتەر.

كۈيلەيدۇ بىز بىلەن قەييۇم ۋە تۇرسۇن،
كوڭلىمىز ئىچىلدى پىكرىمىز ئاندىن.
بىللە خوش ئوتكۈزگەن كۈنلەرگە ئاتاپ.
ئىچەيلى بىز شاراپ - سۇنۇلغان جامدىن.

بات ئوشۇر، ئاقتويدىن چىقسا قىمۇ ئايرىم،
بۇ يولدا قوشۇلغان دوس بىز، سەپداش بىز.
چىڭگىزخان، ئابلەيخان ماڭغان بو يولدا،
بىز ماڭساق ئىمىشقا پەخىرلەنمەيمىز؟

كەلدۇق بىز تارىمنىڭ كەنت بازارىغا-
جاھاننىڭ نەزىرى چۈشكەن بۇرۇندىن.
قامچىنى مەن ئۇردۇم كوي دۇلدۇلىغا،
تەسرات ئالاي دەپ قۇتلۇق ئورۇندىن.

× × ×

دالىدا، ئارقىدا قالغىم كەلمەيدۇ،
كەلدىمەن نام - زاتى تونۇش دىيارغا.
تامغىسى بېسىلغان قارا شەھەرنىڭ،
ئېتىغا مىنگەن بىز، يۈگرۈك ۋە يورغا.

بەختلىك شائىردا بولسۇن نە ئەرمان!؟
كەينىمدە ئىز قالدى، ئالدىم بىپايان.
كۇتەر ئوي ئىگىسى كەلگەندە مېھمان،
كۇتىۋال مېنى ئەي نەشپۇتلۇق بوستان!

× × ×

قۇش كەبى پەرۋازدا ئۇچۇپ كېلىمەن،
شېھرىدىننىڭ يۇرتىغا - يەتتىم كۇچارغا.
خوش ھاۋا بېغىدىن شاپتۇلنى سۇنغان،
قارا كوز رەنانى قاتتىم ناخشامغا.

كۇچاردىن ئاقسۇغا يوتكۇدۇم قەدەم،
ھەر يەرنىڭ خىسلىتى جەلپ قىلـدى مېنى.
ئاھ، قويدۇڭ مۇتەللىپ قەۋرىسىگە گۇل،
ياش توكۇپ باستىمەن شائىر ئىزىنى…

تارىمغا باش ئىگىپ بەردىمەن سالام،
ھەم چوڭقۇر خىيالغا چومدۇم ئەسلىنىپ.
سىرىڭنى يوشۇرۇپ ئاقسەن قايغا؟!
سۇر، يېشىل تۇپراقتىن يوپۇق يېپىنىپ.

ئاڭلىدىم سىرىڭنى دولقۇنلىرىڭدىن،
سۇغارغان ئېقىنسەن تەكلىماكانىنى.
توغراقلار سازچالار قىرغاقلىرىڭدا،
كوردۇم قۇم ئۈستىدە بۇغراھمڭگانىنى…

شائىرنىڭ سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن.
بېشىمغدىن ئوتكەننى ئويلاپ خىيالچان.
قارايمەن ھەر يانغا ـ بارخانلىرىڭغا،
ئاچقۇچۇڭ ئۇزىنى نەگە يوشۇرغان؟…

شېكەر كول بويىنى ئايلاندىم چۇشتە،
بالدىنمۇ شىرىنكەن مىۋىسى سەر خىل.
ئەجرىدىن تاتلىق تەم بەرگەن دىخاندىن ،
تۇزۇك ھال سورالماي بولدۇم بەك خىجىل.

قىزىلسۇ دىيارى ـ قىرغىز دىيارى،
يېرىمۇ قىزىلكەن، ئوغۇل ـ قىزىڭ ھەم.
ياشناتقان يېڭىدىن ئاتۇش شەھرىنى،
ئاق قالپاق،
بادام دوپپا،
نىمانچە كوركەم؟!

× × ×

يول ئالدىم قىزىل تاغ باغرىنى يويلاپ،
كېلىپ جان قەشقەرگە چىققتى خۇمارىم.
سالام! دەپ مەن خوشال ناخشا باشلىدىم،
ئۇيغۇرنىڭ ماكانى ـ گۇلشەن دىيارىم.

بوستاندا قوللۇرۇم يەتتى ئانارغا،
ئىگىلىپ ھەريانغا سالام بەرگەندە.
تىلىگىم ئەرمانغا،
كوڭلۇم ـ كوڭۇلگە،
قوشۇلدى ۋىسالغا بۇگۇن يەتكەندە.

1983- يىل، 17 - سېنتەبىر، قەشقەر

# ئىككى شېئىر

بايتمك دوسە بايىۋ (قازاق)

(ئالتاي ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

## كېتىمىز شېئىر ئېلىپ بېغىڭدىن

ئالىم مەھمۇت قەشقەرى
بوشۇكىسەن گۇل دىيار.
ئەپۇ قىلغىن كۇتكەندەك،
يازالمىسام مەن ئەشئار.

سالىخە ھەم سەمەنىنىڭ،
ماكانىدىن كەلدىمەن.
غىرىپ بىلەن سەنەمنىڭ،
دىدارىغا يەتتىمەن.

پىراقىڭدا- ئىشقىڭدا،
غەزەل ئېيتقان دىلىمدىن:
سالام قەشقەر خەلقىڭگە،
ئىرتىش، ئىلى، ئېمىلدىن.

بىر تاۋاقتا بال يىگەن،
قان-قېرىنداش دوست خەلقىمىز.
بىزگە ئورتاق تاغ-دەريا،
ئورتاق يۈرەك كۆيىمىز.

يازغان شېئىر مۇتەللىپ،
قازاقىنىڭ ئاق ئۆيىدە.
مەنمۇ يازدىم بىر قوشاق،
قوش مۇنارنىڭ تۈۋىدە.

قەشقەر قىزى توقىغان،
گۈلزارلىقكەن-ئۆز گىلەم.
(كارۋىنىدا يارىمنىڭ
جۇلالايدۇ مۇشۇ دەم...)

گۈزەل ئىكەن گۈل قەشقەر،
ئورپە-ئادەت، يوسۇنۇڭ.
كوچكەن ئىكەن لەۋزىڭگە،
تەمى ئانار، ئەنجۈرنىڭ.

قاندى تەشنا كۆڭلىمىز،
شەرۋەت ئىچىپ دىلىڭدىن.
ئارمان قالماس بىز كەتسەك،
شېئىر ئېلىپ بېغىڭدىن.

1983- يىل، 18-سىنتەبىر، قەشقەر

## ياشنا!

ئۆرغۈپ ئىلھام، تەۋرەپ كەتتى قەلبىم،
ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ قەشقەرنىڭ.
يان-يېنىمدىن ئېپار چاچتى گۈللىرى،
دىماق يارغان شامىلىدەك جەننەتنىڭ.

زىيارەتكە كېلىپ تۇرغان شائىرلار،
شەھەر بارمۇ قەشقەردەك ئۆز جاھاندا؟
خۇددى ئەينەك ئىكەن سۈزۈك شەرقكولى،
يايراپ تۇرار قەشقەر چۆمۈپ قايناملغا.

دوستلار بىلەن سەيلە قىلدۇق بېغىدا،
جۇشقۇن ياشلىق دەۋرىمىزنى بىز ئەسلەپ.

تومەن، قىزىل ساھىلىنى ئايلاندۇق،
دولقۇنلىغان ئورۇم چاچتەك ئوركەشلەپ...

تولدى گۈزەل تۇيغۇ ئىلھام جامىغا،
قەشقەر سەندە كۆڭلۈم ئۇستى ياشىرىپ.
ئاق قالپاغلىق خانتەڭرىگە سېلىپ كوز،
ياشنا، پامىر ئېتىگىگە يارىشىپ.

1983- يىل، 19- سىنتەبىر، قەشقەر

(قازاق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى مىرزاھىد كېرىمى، قاۋسىلقانلار تەرجىمە قىلغان)

# پاقىنىڭ قونداقا چىقىشى



(مەسەل)

سەيپىدىن ئەزىزى

«پاقىمۇ قونداقا چىقامدىكەن»دەمسىزا؟
ھە، چىقىدىكەن، دۇنيادا قىزىق ئىشلار بولىدىكەن.

ماناقاراڭ، بىزنىڭ پاقۋاينىڭ كار ئىتىنى!
پاقۋاينىڭ يېقىندىن بۇيان تولا ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ قالدى. ئوزى ياشىغان كول-پاقىلار دۇنياسى تار كەلدى بولغاي، ئەتىمالىم، ئۇ ھەمىشە چەتكە چاپىدىغان، باشقا دۇنياغا بېرىپ ئوزگىچە ياشىغۇسى كېلىدىغان، كولنىڭ قىرغىقىغا سەكرەپ چىقىپ خوراز بەككەزوقلىنىپ قاراپ ياتىدىغان بولىۋالدى. بۇگۇنمۇ ئۇ كول بويىدىكى ئاددىغىنا بىر قەۋەت ئوينىڭ ئالدىدا، قونداقلىق چوڭ ئىككى تۇپ دەرەخ ئاستىدا ھاكاۋۇر-لىق بىلەن مېڭىپ يۇرگەن خوراز بەگدىن خېلى ئۇزۇنغىچە كوزىنى ئۇزەلمىدى. خوراز بەگ قىزىل تاجلىق بېشىنى يۇقۇرى كوتۇرۇپ، قانات قېقىپ بويىنىنى سوزۇپ بىر قىچقىرىپ قويدى-دە، يەنە مەغرۇرقەدەم بىلەن مېڭىۋەردى. ئۇ، يەردىن بىر نىمىلەرنى چوقۇپ - دانلاپ يۇرگەن مىكىيان خېنىملارغىمۇ ئانچە پىسەنت قىلمايتتى.

پاقۋاي زوقلانغان ھالدا خوراز بەگكەسەپ سېلىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئارقىسىدىن بىرسى كېلىپ ئۇنى قورقىتىۋەتتى:

— ھوي ئاغىنە، نىمە قىلىپ يۇرىسەن بۇ يەردە؟- دىدى ئۇنىڭ دوستى بېقىننىنى نوقۇپ،- ھەجەپمۇ زەڭ سېلىپ قاراپ كىتىپسەنغۇ؟

— ھوي دوستۇم، تازىمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ،

ماۋۇ ئىسىل غوجامنى كوردۇڭمۇ؟

ــ قايسىنى دەيسەن؟

ــتازىمۇ ھاڭۋاقتى سەن-دە! ئاۋۇ خوراز بىگىمنى دەۋاتىمەن! نىمە دىگەن سولەتلىك-ھە! قارا ئۇنىڭ مېگىشلىرىنى، تاجلىرىنىڭ، قاناتلىرىنىڭ پاقىرىغىنىنى! ئاشۇنداق دولەتمەن ياشاپ ئولۇپ كەتسە كوڭۇلدە نىمە ئارمان قالىدۇ، دەيسەن؟

ــبەللى، پاقۋاي! ئۇخلاپ چۇش كورگەندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ! ئۇ بىر خوراز تۇرسا، سەن بىر پاقا تۇرساڭ، ئۇنىڭ بىلەن قانداق تەڭ بولالايسەن؟ ئۇ سىنى كوزگىمۇ ئىلمايدۇ!

ــ تازىمۇ سادداڭكەنسەن. مەن كارامىتىمنى بىر كورسۇتەيكى ئۇ كوزگە ئىلماق تۇگۇل، مىنى يىنىغا تارتىپ چوڭ مەنسەپمۇ بېرىدۇ، دىگىنە تېخى. سىلەرگە پادىشا بولۇپ قالسامۇ ئەجەپ ئەمەس ...

ــ ھوي نىمىلەرنى دەپ يۇرسەن ؟ زادى قانچىلىك كارامىتىڭ بار سىنىڭ؟

ــ بىر نەچچە كۇندىن بېرى مەن خوراز بەگنى كۇزىتىپ ئاجايىپ بىر ئەپچىل ئامال تاپتىم. ئۇ ھاكاۋۇر، ماختانچاق، ئۇنى پۇلەپ ئاسمانغا ئۇچۇرساڭلا، سەندىن ياخشىسى يوق. مانا قاراپ تۇر، مېنىڭ كارامىتىمنى كور، - پاقۋاي ماختىنىپ بېشىنى كوتەردى-دە، تامىغىنى قىرىپ قويۇپ بوغۇق ئاۋازى بىلەن خوراز بېگىمگە بېغىشلانغان ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئاھ ئۇلۇغ خوراز بىگىم،
نۇر تاجلىرىڭدىن تورگىلەي.
بەك گۇزەل سۇمرۇق كەبى،
ئۇز قامىتىڭدىن چورگىلەي.

سىياقىڭ جاننى ئالادۇر،
سولىتىڭ ئالەمچە بار.
كىممۇ تەڭ بولسۇن ساڭا،
بەلكى باردۇر ئىچى تار.

ناخشا ئېيتساڭ ساز ئۇنۇڭ،
تىللىرىڭ قەنۇ - شېكەر.
ئۇشمۇ - توشتا قىز - چوكانلار،
ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكەر.

مەرتىۋەڭ ئوسسۇن ئىلاھىم،
ئاخىرى بول پادىشا.
پاقا دوستۇڭ قىلۇر دۇئا،
بولغىل ئامان، مىڭ - مىڭ ياشا!

پاقۋاي ناخشا ئېيتقاچ دوستى بىلەن خوراز بەگنىڭ چىرايىدىكى ئوزگۇرۇشنى پايقاپ تۇردى. پاقىنىڭ قۇلاققا مۇش ئۇرغاندەك ئاۋازىدىن زېرىككەن خوراز بەگ ناخشا باشلانغاندا تاچچىغى كېلىپ تەتۇر قارىدى. كېيىن ناخشىدا قانداقتۇر بىر يېقىملىق ئاھاڭنى سەزگەندەك قىلدى - يۇ، لېكىن، يەنىلا پەرۋاسىزلىق قىلدى. كېيىن ئۇ مەيداننى بىر ئايلىنىپ، كولگە يېقىنراق كەلگەندە ناخشىنىڭ ئوزى توغرۇلۇق ئېيتىلىۋاتقانلىغىنى سېزىپ ھەيران قالدى. چوڭ سوگەتنىڭ ئاستىغا كەلگەندە «مەرتىۋەڭ ئوسسۇن ئىلاھىم، ئاخىرى بول پادىشا» — دىگەن سوزنى ئاڭلاپ، ئوز قۇلىغىغا ئىشەنمەي قالدى. «تووا، ھەجەپ بىر ياخشى ناخشىغۇ بۇ، ئاۋازىمۇ شۇنداق يېقىملىق. ھەجەپ بىر ئىش، كىمدۇ بۇ؟» - ئۇ ئوز - ئوزىگە پىچىرلىغاچ يەنە ناخشىغا قۇلاق سالدى. ناخشىنىڭ «پاقا دوستۇڭ قىلۇر دۇئا، بولغىل ئامان، مىڭ - مىڭ ياشا» دىگەن مىسرالىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

ئۇنىڭ مەيدىسى تېخىمۇ كېرىلىپ كەتتى. "قا-
راڭ بۇ گەپنىڭ ئىسسىللىكىنى. پاقىمۇ شۇنداق
چىرايلىق ناخشا ئېيتالايدىكەن. ھە!» دېدى
ئۇ ئويلانغان ھالدا."ياق، بۇ پاقىنىڭ ناخشى-
سى ئەمەس. پاقىدىن بۇنداق ئېسىل گەپلەر،
چىرايلىق ئاۋازلار چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.
ئېسىت، يەنە بىر ئېيتىپ باقسىدى..."

پاقۋاينىڭ ناخشىسى يەنە جاراڭلىدى. خو-
راز بەگ ناخشىنى ئاڭلىغانچە يۈرىكىدە ناخ-
شىچىغا بولغان مۇھەببەت كۈچىيىشكە باشلىدى.
ئۇنىڭ مەيدىسى تېخىمۇ كىرىلىپ، بېشى ئاس-
مانغا يەتكەندەك بولدى. باشتا ئۇ بۇ ناخشى-
غا بىپەرۋالىق بىلەن قارىغانلىقىغا ئەپسۇسلى-
نەتتى.

— قارا دوستۇم، كوردۇڭمۇ ئۇنى، - دېدى
پاقۋاي ناخشىسىنىڭ كارامىتىنى كورگەندىن
كېيىن خوش بولۇپ، - قانداق، مېنىڭ ناخ-
شامنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن،
ئۇ، قىلتاقا چۈشتى. ئەمدى مېنىڭ سوزۇمگە
قۇلاق سالماي ئىلاجى يوق.

— ھەي، راسلا يامان نىمىكەنسەنغۇ سەن!
ئۇ شۇنچە كاتتا تۇرسا، بىرلا ناخشاڭ بىلەن
ئېرىتىپلاۋەتتىڭغۇ؟

— كاتتا بولمايچۇ. قارىغىنا، تېخى ئۇنىڭ
خوتۇنلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. كوردۇڭمۇ
ئاۋۇ مىكىيان خېنىملارنى.

— ھەي، سەن قارىسىغىلا ۋالاقلاۋەمە. ئاشۇ
بىر مىكىيان خېنىملا ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئوخشاي-
دۇ،— دېدى دوستى پاقۋايغا، — باشقىلىرى
خېنىمنىڭ دوستلىرىدۇ، بەلكى.

— ھە، خوتۇنىمۇ، دوستىمۇ بەرىبىر. ئۇنى
قويۇپتۇر، ئەنە خوراز بەگ كېلىپ قالدى. ئۇ
مېنىڭ ناخشامغا قانمايدىغاندەكلا قىلىدۇ، ناخ-
شامنى يەنە بىر ئېيتىۋېتەي.

ئۇلار مۇشۇنداق سوزلىشىپ تۇرغاندا، خو-
راز بەگ بىر قوقۇلداپ كېلىپ قانات سورەپ
بىر مىكىيان خېنىمنى ئايلىنىپ چىقتى - دە،
پاقۋاينىڭ ناخشىسىنى يەنە ئاڭلىغۇسى كەل-
گەندەك كول چېتىدە تىك - تىڭلاپ مېڭىشقا
باشلىدى.

پاقۋاي كېلىشنى قىرىپ تېخىمۇ زوقى بى-
لەن ناخشىسىنى باشلىۋەتتى.

خوراز بەگ"قوللىرىنى"ئارقىغا تۇتۇپ،ناخ-
شىنى ھوزۇر بىلەن ئاڭلاپ، سەينانى بىر ئاي-
لىنىپ چىقتى. كېيىن كىلىپ پاقۋاينىڭ.تال-
دىدا توختاپ،ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ تۈگىشىنى
كۈتۈپ تۇردى. پاقۋاي خوراز بەگنىڭ يېقىن
كېلىپ قالغانلىقىنى كورۇپ، ناخشىنىڭ ئاخى-
رىدىكى " ئامان بول، مىڭ-مىڭ ياشا! » دې-
گەن جۈملىنى شۇنداق ساز ئاۋاز بىلەن كې-
لىشتۈرۈپ ئېيتتىكى، ئۇنىڭ پەيزىدىن ئوزىمۇ
ھەيران قالدى.

— ھا، ناخشا ئېيتقان سەن ئىكەنسەن-دە،-
دېدى خوراز بەگ يوغان ئاۋازى بىلەن.

پاقۋاي بىرلا سەكرەپ خوراز بەگنىڭ ئال-
دىغا كېلىپ چۈشتى-دە،چاقچاقلىق بىلەن ئال-
دى ئىككى پۇتىنى كوتۈرۈپ تىك تۇرماقچى
بولدى-يۇ،ئەمما تۇرالماي كەينىگە نورۇلدى،
لېكىن يىقىلىپ چۈشمىدى. ئۇ ھەيران قېلىپ،
بېشىنى بۇراپ كەينىگە قاراپ، دوستىنىڭ ئار-
قا ئىككى پۇتى بىلەن بىلىنى تىرەپ تۇرغان-
لىقىنى كوردى.

" يارايسەن ئاغىنە » دېدى ئۇدوستىغا ئاس-
تاغىنا. كېيىن خوراز بەگكە قاراپ تىك تۇرغى-
نىچە:

— سالام خوراز بەگ جانابلىق، پىقىر پاقىۋاي خىزمەتلىرىڭىزگە دائىم تەييار، — دېدى.



پاقىۋاينىڭ دوستىنىڭ پۇتلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ تۇمشۇغىنى يەرگە تىرەپ خىقىردى:

« ۋاي ئاداش سالىمىڭنى چاپسان تۇگەتسەڭچۇ! »

خوراز بەگنىڭ پاقىۋاينىڭ دوستىغا ئىچى ئاغرىدى بولغاي، ئۇ دەلدەڭشىپ تۇرغان پاقىۋايغا قاراپ دېدى:

— بولدى، تىك تۇرۇۋەرمەي، كەينىڭدىكى بېچارىنى ئازات قىلغىن.

پاقىۋاي ئالدى ئىككى پۇتىنى يەرگە قويدى. ئۇنىڭ دوستى ئاستا سۇرۇلۇپ كۆلگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇزەڭ خېلى تەكەللۇپ بىلىدىغاندەك قىلىسەن، بىراق مېنى « سەن » دېگىنىڭ ئانچە كىلىشمىدى. بۇندىن كېيىن دىققەت قىل، — دېدى خوراز بەگ پاقىۋايغا ئاگاھلاندۇرۇپ.

— خوپ جانابىلىك، — دېدى پاقىۋاي ئىككى قولى بىلەن تەڭ چاس بېرىپ.

— ھە، يەنە «سەن»، مەيلى ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالارسەن. ئىككىمىز دوست بولايلى، بولامدۇ؟

— خوپ جانابىلىك.

— سەن ناخشىغا ھەجەپمۇ ئۇستىكەنسەنغۇ، قەيەردىن ئۆگىنىۋالدىڭ بۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى؟

— ئۇزەممۇ بىلمەيمەن، خوراز بېگىمنى كۆرگەندە ئاشۇنداق ئاغزىمغا كىرىۋېرىدۇ.

— ھە، بەك ياخشى. سېنىڭ مەندىن قانداق تەلىۋىڭ بار؟

— تەلىۋىم ئانچىمۇ چوڭ ئەمەس ئىدى جاناپ، مېنى مۇشۇ پاقا دۇنياسىغا پادىشا قىلىپ قويساڭلا بولدى.

— ھە پادىشالىق؟! مەن تېخى پادىشا بولمىغان تۇرسام، ساڭا نەدىكىنى، ھازىرچە بەگ بولۇپ تۇرغىن. مەن ئۇچار قاناتلار دۇنياسىغا پادىشا بولغاندىن كېيىن سىنىڭ پاقاپادىشالىغىڭنى ئويلۇشۇپ كورەرمىز.

— ئىلتىپاتىڭغا رەھمەت جاناپ.

— خوپ سېنىڭ ۋەزىپەڭ، مېنىڭ ئىشىكىمگە كېلىپ، ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچلىكى ئۈچ قېتىم ھېلىقى ناخشاڭنى ئېيتىسەن. ئۈچ توققۇزكۈن ناخشا ئېيتقاندىن كېيىن، مەن سېنى بەگ قىلىپ ئاۋۇ سوگەتنىڭ شېخى ئارىسىغا چىقىرىپ قويىمەن. مەن پادىشا بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى مەن ئەتىگەن ئويدىن چىققاندا بىر قېتىم، قونداقتا چىققاندا بىر قېتىم، چۈشكەندە بىر قېتىم ئېيتىسەن، ئۇندىن كېيىن...

— ئۇندىن كېيىن مەن پادىشا بولالمامدۇ؟

— پادىشا بولۇش دېگەن شۇنچە ئاسان گەپمىكەن. دادام ئۇمرى بويى ھايۋاناتلار پادىشاسىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ پادىشا بولالمىدى. مەن 5 يىل ناخشا ئېيتىپ ئاران بەگ بولدۇم، مېنىڭ ناخشام دادامنىڭكىدىن پەيزىرەك بولسا كېرەك، ھېلىمۇ بەگ بولالىدىم. سەن تېخى ناخشاڭنىمۇ باشلىمىدىڭ، بەگمۇ

بولغىنىڭ يوق. يەنە تېخى پادىشالىقتىن گەپ قىلىسەن. ئالدىرىما، سېنىڭ ناخشاڭ مېنىڭ مەرتىۋەمنى كوتۇرۇشكە ياردەم قىلىپ قالسا، ئاندىن كېيىن، سەنمۇ قۇرۇق قالمايسەن.

— خوپ، جاناپ چۈشەندىم.

خوراز بەگ بىلەن پاقىۋاينىڭ سوزلىرى بىر-بىرىگە يېقىپ كەتتى بولغاي، كۈلۈشۈپ خوشلاشتى.

× × ×

شۇنداق قىلىپ خوراز بەگ بىلەن پاقىۋاي دوست بولۇشتى. ئىككىسىنىڭ كوڭلى خوش بولۇشتى. بىرىگە باش پانابىرىگە گۈپپاڭچى تېپىلدى. بىرسىدە پادىشالىقا، بىرسىدە بەگلىككە ئۈمىت پەيدا بولدى. شۇئاخشىمى ئىككىلىسى شىرىن چۈشلەرنى كورۇپ بەھوزۇر ئۇخلاشتى. ئەتىسى كېلىشىم بويىچە ھەركەت باشلاندى.

كۈن چىقىش بىلەنلا پاقىۋاي كول بويىغا چىقىپ خوراز بەگنى كۈتۈپ ئولتۇردى. خوراز بەگ ئىشىكتىن چىقىپلا، قانىتىنى قېقىپ بىر قىچقاردى-دە، ئەتراپقا قاراپ پاقىۋاينى ئىزدىدى. ئاڭغىچە پاقىۋاينىڭ "جاراڭلىق" ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. خوراز بەگ مىكىيان خېنىملارنى ئالدىغا سېلىپ سەيناغا كېلىپ، چوگىلەشكە باشلىدى. ئۇ، ناخشىنى ئاڭلىغانچە خوش بولاتتى. كېيىن مىكىيان خېنىملارنىڭمۇ ناخشىغا قۇلاق سېلىپ كۈلۈشكىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خوش بولۇپ كەتتى. بۈگۈنكى ئۈچ قېتىملىق"ناخشىلىق ئويۇن" ياخشى ئوتتى. شۇنداق قىلىپ بىر توققۇز كۈن ئوتكەندىن كېيىن خوراز بەگ پاقىۋايغا كول دۇنياسىنىڭ بەگلىكىنى ئاتا قىلدى. ئەمما، ئىككى نەرسە خوراز بەگكە كەمدەك تۇيۇلاتتى. بىرى، بۇ تويۇننى كورگۈچىلەرنىڭ سانى تەشۇ بىرنەچچە مىكىيان خېنىملاردىن ئاشمىدى. يەنە بىرى ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىدىغان بىرەر ئاۋاز كەمدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۈڭلىچە بىر دۇمباقچى بولسا بەلەن بولاتتى. كەچقۇرۇنلىقى پاقىۋاي ئويىگە كېتىشىنىڭ ئالدىدا "دوستۇم، بىرەر دۇمباقچى ئالغاچ كەلسەڭ قانداق؟" دىدى ئۇ پاقىۋايغا.

ئەمدى پاقىۋاينىڭ ھالىدىن ئىككى ئېغىز سوز:

خوراز بەگ پاقىۋايغا بەگلىكنى ئىنئام قىلغاندىن كېيىن كول بويىغا كىلىپ سالاپەتلىك ئاۋاز بىلەن جاكا قىلدى: "ئەي كول يۇرتىدىكى پاقا، قۇمۇچاقلار، قۇرۇت ۋە سازانلار! پەقىر خوراز بەگ ماۋۇ پاقىۋاينى سىلەرگە بەگ قىلدىم. ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار، بېگىڭلارنى ئوبدان قارشى ئالغايسىلەر» دەپ پەرمان جاكالىغۇچى خوراز بەگ خوجا خوراز ئوغلى دۇرمەن!

پاقا بەگ توت پۇكۇلۇپ، بەش تازىم قىلىپ يۇرتىغا قايتتى.

كول ئىچىدىكى يۇرتداشلار بۇنىڭغا ھەيران قالدى. غۇل - غۇلا كوتۇرۇلدى. "بۇ نىمە دىگەن گەپ، بۇ ساراڭ نەلەردىن بەگ بولۇپ يۇرىدۇ» "بىزنىڭ بېگىمىز بار تۇرسا، بۇ بىر غەلىتى گەپقۇ؟» "بۇ ساراڭ يىقىراپ تالادىن كىرمەيتتى، بىر نىمىلەرنى قىلىپ خوراز بەگنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ - دە » ...

پاقا بەگنى ھېچ كىم قارشى ئالمىدى. ئۇنىڭ غەزىۋى كەلدى.

كوپچىلىكنىڭ ئۇنىڭ غەزىۋى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇنى مەھەللىگە يېقىنمۇ كەلتۇرمەي، يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردى.

بىر كۈنى ئەتتىگەنلىگى خوراز بەگ قوپۇپ ئادىتى بويىچە بىر قىچقاردى. لېكىن ناخشىدىن خەۋەر يوق، يەنە قىچقاردى، يەنە گەپ يوق. كېيىن ئۇ پاقا بەگنى كوردى. بىر كىچىك دۇمباقنى يىپىدىن چىشلەپ سورەپ كولدىن چىقىۋاتقان پاقا بەگ ئاران بالالىقتا سورۇلۇپ

كولنىڭ بويىغا چىقتى. ئۇ، يېنىغا كەلگەن خو-
راز بەگنى كورۇپ ھوكۇرەپ ئىغلىۋەتتى.» ئۇ-
لار مېنى بەگلىكتىن قوغلىۋەتتى. ئەمدى تۇگەش-
تىم، جانابىسىلىڭ... ھا ...!»دەدى ئۇ، ياش -
ماڭقىلىرىنى ئاققۇزۇپ.

— ھە، شۇنداق دىگىنە، مەن تېخى سېنىڭ
ناخشاڭنى كۇتۇۋېتىمەن،- دىدى، خوراز بەگ
كوڭۇل قويۇپ،- كېرەك يوق، دوستۇم. بەگلى-
گىڭنى ئۇلار ئالغان بىلەن مەن ئالمايمەن. يە-
نە بەگ سەن، تېخى ئۇممىلگۇچىلەر دۇنياسىغا
پادشاھ بولىسەن. قېنى، بېرى كەل، ئاۋۇ سۇ-
يىنىڭ ئۇستىگە چىق!

پاقا بەگنىڭ خاپىلىقى بېسىلدى. بولۇپمۇ
"پادشالىق" سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ-
نىڭ كوڭلى ئېچىلىپ قالدى.

خوراز بەگ پاقا بەگنى دەرەخ تۇۋىدىكى
كىچىك سۇيىغا چىقىرىپ، كىچىككىنە سېرىق
دۇمباقنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئاستى.

— بىلدىڭمۇ، دوستۇم، بۇ دۇمباقنىڭ ئاۋازى
سېنىڭ ناخشاڭغا قوشۇلسا، تاماشىنى ئاندىن
كورىسەن،- دىدى خوراز بەگ.

پاقىۋاي شۇنداق قىلدى. خوراز بەگ سەي-
نانى ئايلاندى ... كېيىن قاغا، سېغىزخانىلار
كېلىپ ئاڭلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا
قۇشلارمۇ قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ يەنە ئىك-
كى توققۇز كۇن ئوتتى...

خوراز بەگ كېلىپ ناخشا ئاڭلىغان
قۇشلارنىڭ يا زاڭلىق قىل-
غىنىنى، يا ماختىغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. گايىلى-
رى كۇلۇپ چاۋاك چېلىشمۇ كوڭلىدە خورازبەگ-
دىن كۇلەتتى. قاپاق باش خوراز بەگ قۇش-
لارنىڭ كېلىشلىرىدىن ماختاندى، لېكىن، بۇنىڭ-
غىمۇ قانائەتلەنمىدى. ئۇچ توققۇز ناخشا تۇ-
گىگەندىن كېيىن، ئۇ، پاقا بەگنى قىچقىرىپ
ئۇنىڭغا دىدى:

— دوستۇم، ساڭا رەھمەت. ئەمما، ناخشاڭ-
نىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا كەتسۇن، مەن
سېنى ئاۋۇ سوگەتنىڭ ئاچىسىغا ئەپچىقىپ قو-
ياي. ئەمدى ناخشاڭنى شۇ يەردە ئېيتقىن.

خوراز بەگ پاقا بەگنى ھاپاچ قىلىپ ئەپ-
چىقىپ دەرەخنىڭ ئىككى شېخى ئايرىلغىغا ئا-
ۋايلاپ ئورۇنلاشتۇردى. ئوزى ئىگىزرەكتە، ئىك-
كى دەرەخكە تۇلاپ قويۇلغان قونداققا چىقتى.
كېيىن " قېنى، ئېيت ناخشاڭنى " دىگەندەك
قىلىپ، پاقا بەككە قاراپ، تاجلىق بېشىنى ئې-
گىپ قويدى. پاقا بەگ دۇمباقنى تەڭكەش قى-
لىپ، ناخشىسىنى جاراڭلىتىۋەتتى. خوراز بەگ
بويىنىنى سوزۇپ ئەتراپلارغا قارايتتى.

ئەمدى، پاقا بەگ خوراز بەگ ئويىدىن چىق-
قاندا بىر قېتىم، قونداققا چىققاندا بىر قېتىم،
قونداقتىن چۇشكەندە بىر قېتىم دۇمباق بىلەن
ناخشا ئېيتىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ يە-
نە ئىككى توققۇز كۇننى ئوتكۇزدى.

كېيىنكى كۇنلەردە پاقا بەگ ئويىلايدىغان
بولۇپ قالدى. " قىزىق ئىش، ئۇنىڭغا دۇمباق
چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىپ ھالىم ئازلا قال-
دى. بەگلىك بولسا نامىغا بار، ئەمەلدە يوق.
پادشالىق دىگەندىن دېرەكمۇ يوق. بۇ خوراز
بەگ قونداققا چىقساڭ پادشالىق تەختىگە چىق-
قىنىڭ شۇ " دەۋاتاتتى. بىر چىقىپ باقايچۇ...
ھە، ياق، قورقماسلىق كېرەك، باتۇر بولماق
كېرەك. بولمىسا پادشا بولغاندا قانداق قىلى-
سەن ؟ ! " شۇنداق قىلىپ ئۇ، بۇگۇن ئەتتى-
گەنلىك ناخشىسىنى قونداققا چىقىپ ئېيتماق
بولدى.

ئۇ ئاۋال قونداققا ۋە يەرگە بىر قاراپ
ئالدى - دە، يۇرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى. يەنە
ئوزىنى توختۇۋېلىپ دۇمبىغىنى بويىنىغا ئېسىپ
ئاستا كوتۇرۇلدى ۋە ئاۋايلاپ قونداققا ياما-
شىپ ماڭدى. نازراق ماڭغاندىن كېيىن بېشى

قېيىپ، قونداق ياغچىنى چىڭ تۇتۇپ، كوزىـ
نى يۇمۇپ بىر ئاز تۇرۇپ ئالدى. يەنە ماڭـ
دى، يەنە بېشى قايدى، يەنە ماڭدى ... ئاخىـ
رى قونداقنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق بارغاندا بېـ
شى قاتتىق قېيىپ، كوزى قاراڭغۇلاشتى- دە، توۋەن
ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ قونداقنى قوللىرى بىلەن
چىڭ تۇتۇپ ئېسىلىپ ئالدى. لېكىن، ئۇ،
قانچە تىرىشسىمۇ، پۇتلىرىنى قونداققا ئالالـ
مايتتى. دۇمباق بېلىدە پۇلاڭلاپ كاشىلا قىـ
لاتتى. ئۇنى تەر باستى، يەنە كوزى قاراڭـ
غۇلاشتى .... قوللىرى قونداقتىن ئاجراپ كەتـ
تى. ئۇ ئاران ئېسىنى يىغىپ، بىر تۇۋى يوق
ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ بارغاندەك سەزدى. قاتـ
تىق ۋاقىردى، ئاندىن كېيىنكىسىنى بە-
لەلمىدى...



ئەمدى ئۇ ھېچنىمنى بىلەلمەيتتى، ئەلـ
ۋەتتە. بىچارە پاقا بەگ پوكىنى يېرىلىپ
يەردە ياتاتتى. ئۇنىڭ روھى ئاللىقاچان ئۇ
دۇنياغا كەتكەن ئىدى...

قۇش - جانىۋارلار دەرەخلەردە چۇرلاشـ
تى. مىكىيان خېنىملار ئۇنى چورىدەپ، ئىچ
ئاغرىتاتتى ... خوراز بەگ ئاستا مېڭىپ ھويـ
لىدىن چىقتى.

— نىمە گەپ، نىمە ئاندىاق ئەنسىزلىك
بۇ! - دېدى خوراز بەگ يېقىن كېلىپ. ئۇ
قوسىغى يېرىلىپ، پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ
ياتقان پاقا بەگنى كورۇپ، چوچۇپراق كەيـ
نىگە داجىدى. كېيىن، ئوزىنى تۇتۇۋېلىپ، -
ھە، خوپ بوپتۇ. كىم سېنى قونداققا چىق
دەپتىكەن، پاقىنىڭ خوراز بىلەن تەڭ بولغىنى
نەدە بار؟ ئوز ئۇۋالىڭ ئوزەڭگە، -دېدى.
ئەتراپتىكىلەر غۇلغۇلا قىلىشتى: "ھاماقەت
نىمە، پىشقان زاغراڭنى يىسەڭچۇ"، "ئاخـ
شاڭنى ئېيتىپ، دۇمباق چېلىپ، بارغان يېـ
رىڭ مۇشۇ بولدى"، "قونداققا چىقىشنى
ساڭا كىم قويۇپتۇ"، "مانا ساڭا پادىشا-
لىق!"

× × ×

ئەتىسى ئەتتىگەندە سەككىز چوكا ياغاچتىن
ياسالغان تورت پۇتلۇق "جىنازا"نى توتەيـ
لەن كوتۇرۇپ، پاقىۋاينىڭ كوك يوپۇرماق
يېپىلغان جەسىدىنى زاراتكالىققا ئېلىپ كېـ
تىپ باراتتى. جىنازا ئارقىسىدا باشلىرىنى
سېلىپ، "جامائەت" كېتىپ باراتتى. جىنازا
كەينىدە، توپنىڭ ئالدىدا پاقىۋاينىڭ ھېلىقى
دوستى پىچان بىلەن باغلاپ ئالغان بېلىگە
قوللىرىنى قويۇپ، كوزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىـ
نى ئىككى يېنىغا ئىغاڭلىتىپ، دوستىغا بېغىشـ
لانغان ھازا قوشىغىنى ئېيتىپ كېتىپ باراتتى:

ۋاي ئېست كولەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا،
مۇراتقا يېتەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا.
خۇدۇڭنى بىلەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا،
ھېچنىمە دېيەلمەي كەتتىڭ ئەلۋىدا.

(ئاخىرى 85-بەتتە)

# ماقال - تەمسىللەر ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىكى رولى

ھاجى ئەخمەت

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھىم سالماقنى ئىگەللىگەن ماقال - تەمسىللەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن بارلىققا كەلگەن، چوڭقۇر مەنىلىك پەلسەپىۋى پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى سۆز بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مول مەزمۇن ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە ژانىرلاردىن بىرى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا تونۇشى، كۆز قاراشلىرى، ئوي-پىكىرلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئەخلاق پەزىلىتى ۋە پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ خەلقنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماقال - تەمسىللەرگە ئىنتايىن باي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبىلىرى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە دانىشمەنلىكى يەكۈنلەنگەن؛ ۋەتەن، خەلق، ئەل - يۇرت، ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈك، يەككىلىك، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك، باتۇرلۇق، مەرتلىك، قورقۇنچاقلىق، ئىلىم - پەن، ھۈنەر، نادانلىق، ئەقىل - ئىدرەك، پەم-پاراسەت، ئاخماقلىق، ئىش - ئەمگەك، ھورۇنلۇق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ۋاقىت، مەزگىل، تەبىئەت ھادىسىلىرى، راستچىللىق، يالغانچىلىق، كەمتەرلىك، تەكەببۇرلۇق، ماختانچاقلىق، ھوشيارلىق - ئېھتىياتچانلىق، بىپەرۋالىق، ئىقتىساتچىللىق، ئىسراپچىلىق، ئۇيات - نومۇس، سەۋرى-تاقەت، جىدام - غەيرەت، ئالدىراڭغۇلۇق، ئارزۇ - ئۈمىت، ئىشەنچ، قەدىر - قىممەت، ئىززەت-ئابروي، بەخت - تەلەي، تەۋەككۈلچىلىك، ياشلىق، قېرىلىق، تازىلىق، سالامەتلىك، كېسەللىك ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى، تىل، گەپ - سۆز، تېچلىق - ئامانلىق، خاتىرجەمسىزلىك، ھەمكارلىق، ئادەمگەرچىلىك، نائەھلىلىك، مىجەز- خۇلۇق، كىشىلىك تەبىئىتى، ياخشىلىق، يامانلىق، ئەدەپ - ئەخلاق، تەربىيە، زىبۇ- زىننەت، ياسانچۇقلۇق، ئىشقى - مۇھەببەت، ئائىلە-تۇرمۇش مەسىلىلىرى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، خولۇم - خوشنا مۇناسىۋەتلىرى، توي - تۆكۈن، مېھماندوستلۇق، سەپەر، يولداشلىق، غېرىپلىق، مۇساپىرلىق، يېتىملىك، تاماق، يېمەك - ئىچمەك، ھايۋانات، باشقا نەسلەر، ئېزىش - ئېزىلىش، قارشىلىق، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، بەدنىيەتلىك، مەككارلىق، ئىغۋاگەرلىك، سېخىلىق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، ئىنساپ، كەسىپ، سودا-سېتىق، ئىلىم - پەن مۇناسىۋەتلىرى، پەندى - نەسىھەتلەر، دىنىي ئېتىقات مەسىلىلىرى، قاتارلىق مول مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى - روھىڭ سامان بولماس.

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك.

كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول.

يۇقارقىدەك ماقال- تەمسىللەردە قەھرىمان ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىس-تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بىزنى چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

جاندىن كەچمىگىچە، جانانغا يەتمەس.

توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە،
يولۋاستەك بىر يىل ياشا.

جاپا چەكمەي، ھالاۋەت يوق،
كۈرەش قىلماي سائادەت يوق،-قاتارلىق ماقال - تەمسىللەردە ئەجىر سىڭدۈرمەي، كۈرەش قىلماي تۇرۇپ، ئەركىنلىك ۋە بەختكە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر ،
يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر.

تېرىمىغىچە ئۈنمەس.

ھونەرلىك ئەر خار بولماس،
دوست - دۈشمەنگە زار بولماس.

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.
بىلىم - ئەقىلنىڭ چىرىغى،- قاتارلىق ماقال-تەمسىللەردە كىشىلەرنى ھالال مېھنەتكە، ئۆز ئەجرى بىلەن كۈنكەچۈرۈشكە، ھۈنەر - بىلىم ئىگەللەشكە دەۋەت قىلسا،

ئەرنىڭ سۆزى بىر.

توغرا سۆز تاشنى يارار،
ئەگرى سۆز باشنى(يارار).

غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلماس.

كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس،-قاتارلىق ماقال - تەمسىللەردە راستچىللىق، ئادالەتلىك، چىدامىلىق بولۇشتەك ياخشى پەزىلەتلەر تەرغىپ قىلىنىپ، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئويلىنىپ، مەسلىھەتلىشىپ قىلىش، ئۆز بېشىمچىلىق ۋە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

قورققانغا قوش كۆرۈنەر.

نىيمىتى ياماننىڭ قازىنى توشۇك.

كىپىنەك پەرۋانە بولماس،
ياسانچۇق مەردانە بولماس.

ئىتنى چىشلىمەيدۇ دىمە،
ئاتنى تەپمەيدۇ دىمە، — قاتارلىق ماقال - تەمسىللەردە تۇرمۇشتىكى سەلبىي ھادىسىلەرگە قارىتا ھوكۈم چىقىرىلىپ، خەلقنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى، ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرگە بولغان كوز قاراشلىرى بايان قىلىنغان، ياخشى سۈپەت - خىسلەتلەر مەدھىيىلىنىپ، ھەرخىل يارىماس ئىللەتلەر تەنقىدىي رەۋىشتە ئېچىپ كورسىتىلگەن.

ماقال - تەمسىلەر قويۇق سىنىپىي تۈسكە ئىگە. ئۇنىڭ ئىچىدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى، تۈرلۈك ئىجتىمائى قاتلاملارنىڭ كوز قارشى ۋە مەنپەئەتىنى ئىپادىلەيدىغان پىكىر ۋە ئۇقۇملار رۇشەن ھالدا كوزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن:

تۈگىدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە (يەپتۇ)

كىمنىڭ زۇلمى كوپ بولسا، زاۋالى يېقىن.

زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ.

ھەق ئىگىلەر، سۇنماس، — قاتارلىق ماقال - تەمسىللەردە ئەمگەكچى خەلق ئالدامچىلىقتا ۋە قول قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەزگۈچىلەرنى، تەييارتاپلارنى، ئاچكوز زالىملارنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا.

قۇم يىغىلىپ تاش بولماس،
قول يىغىلىپ باش (بولماس).

ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە، ئاناڭنى بەر.

يىتىمنى يىتىپ ئۇر،
يۈتىدىن تۇتۇپ ئۇر، — قاتارلىق ماقاللاردا بولسا، ھوكۈمران سىنىپلارنىڭ پەسكەش، خۇراپى كوز قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن كورۇشكە بولىدۇكى، ئۇزاق

ئەسىرلەر مابەينىدە ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا خەلق ماقال-تەمسىللىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ قورالى بولۇپ كەلدى.

ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئەنە شۇنداق قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ، بۈگۈنگە قەدەر ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك چوڭقۇر ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئىخچام، قوللىنىشقا ئوڭاي، شېئىرىي خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ماقال-تەمسىللەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق قاتارلىق ۋاسىتىلار ياردىمى بىلەن شېئىرىي تۈس ئالغان بولۇپ، خەلق قوشاقلىرىدىكى بېيىت شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەنىنىڭ يولى ئوچۇق.

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە،
سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

ئىززەت قىلساڭ، ئىززەت كۆرىسەن،
چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرىسەن.

ئاپا، تېرىق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن.

موللا مەنۇ - موللا مەن،
موللا كۆرسەم يولدا مەن.

ماقال - تەمسىللەردىكى مۇنداق شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭغا ئاھاڭدارلىق، گۈزەللىك بېغىشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئوڭاي ئەستە قالدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەر مەزمۇن جەھەتتىن مەجازلىق (سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىشى) خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن: "تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق" دېگەن ماقال كۆز ئالدىمىزغا تۆمۈرچىنىڭ سەندەلى ئۈستىدە تۇرغان قىپ - قىزىل چوغدەك تۆمۈرنىڭ ئوبرازىنى كەلتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭدىكى مەنا بىز تەسەۋۋۇر قىلغان ئوبرازدا ئەمەس، بەلكى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا، كېچىكتۈرمەستىن ئىشلەشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكىدە، بۇ خىل خۇسۇسىيەت بولۇپمۇ تەمسىللەر ئۈچۈن خاراكتېرلىقتۇر. مەسىلەن:

توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ،
ئۆچكە جاڭگال (چۈشەيدۇ)

موزاينىڭ يۈگرىشى سامانلىققىچە.

قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس.

توشۇك يىرتىقتىن كۆلەر.

يۇقۇرقىلار تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مىجەز ۋەخۇسۇسىيەتلىرى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ھالىتى بىلەن سىڭىشتۇرۇلغان تەمسىللەردىن ئىبارەت بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە ئۆزى ئىپادىلىگەن نەرسە ۋەھادىسىلەردىن باشقا ئەھۋاللارغا تەدبىق قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان، تىلىمىزغا ئالاھىدە ئېنىقلىق، مەزمۇن بەرگۈچى مۇھىم تىل بايلىقى ھېساپلانغۇچى ماقال - تەمسىللەر خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان، تۇرمۇش بىلەن چەمبەر - چەس باغلانغان، تۇرمۇشتىكى ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە تەدبىق قىلىنىدىغان، ھەققانىيلىقى ۋە دەللىلىكى كۈچلۈك قىسقا گەپ-سۆزلەردىن ئىبارەت بولغاچقا، جانلىق تىلىمىزدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. كىشىلەر ئۆز سۆزىنىڭ مۇھىملىقى ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ماقال - تەمسىللەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن : ۋاقىتنىڭ قىممىتى، يەرنى ئوغۇتلاشنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە كۆپ سۆزلەشنىڭ ئورنىغا " ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت " ، " يەرتويمىغىچە، ئەر تويماس " قاتارلىق ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلەتسەك، گېپىمىزنىڭ ئورامى يىغىنچاق ، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، قىسقىسى تۇز تاماققا قانداق تەم بەرسە ماقال - تەمسىللەرمۇ نۇتقىمىزغا شۇنداق تەم بېرىدۇ ، بۇ توغرىدا ئۇلۇق يازغۇچى م، گوركى : " ئومۇمەن ماقال- تەمسىللەر خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ، تارىخىي تەجرىبىلىرىنى نەمۇنىلىك سۈرەتتە شەكىللەندۈرىدۇ . يازغۇچى سۆزلەرنى خۇددى مۇشتۇمنى تۈككەندەك ئىخچام قىلىشقا ئۈگىتىدىغان مۇنداق ماتېرىيال بىلەن تونۇشۇشى كېرەك » دەپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان ئىدى. چۈنكى يازما ئەدەبىياتتا ماقال - تەمسىللەر مۇھىم ئىستىلىستىك ۋاستىلاردىن بىرى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ تىلىغا ئالاھىدە ئېنىقلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ، ئەسەر تىلىنى زور دەرىجىدە ئىخچاملاشتۇرۇپ، مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئەسەرنى ئاممىباپلىق، خەلقچىللىققا ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەكشۈرسەك، كىلاسسىك يازغۇچى ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئىنتايىن ئۇزلۇك پايدىلانغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. 11-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرى « تۈركى تىللار دىۋانى » ناملىق شاھ ئەسىرىدە خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە خېلى كۆپ ئورۇن بەرگەن ؛

ئەكمە گىنچە ئۈنمەس.

ئاش تاتىقى تۇز.

قۇت بىلگىسى ـ بىلىك.
ئىت ئىسىرمەس، ئات تېپمەس دىمە.

ئالىمچى ئارسلان، بېرىمچى سېچقان.

كېچەشلىك بىلىك ئارتا ماس،
كەڭ تون ئۈبراماس،

ئاتاسى ئاچىغ ئالما يىسە،
ئوغلىنىڭ تىشى قامار.

ئەمگەك ئەكىندە قالماس،

يۇقارقىلار « تۈركى تىللار دىۋانى » دا بېرىلگەن قەدىمقى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئاپتۇر ئۆز ئەسىرىدە بۇلاردىن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش، سۆزلەرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆز پىكرىنى دەلىللەش ۋە بېزەش ئۈچۈن پايدىلانغان. « دىۋان » غا كىرگۈزۈلگەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ كوپ قىسمى ئەينەن ياكى ئازراق ئۆزگىرىشلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا ھېلىمۇ ياشاپ كەلمەكتە.

ئۇلۇغ پەيلاسوپ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان « قوتاتقۇ بىلىك » ئەسىرىنىڭ ماۋزۇسى « قۇت بەلگىسى ـ بىلىك » دىگەن خەلق ماقالى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىغى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن بىرى، ئەدىپ ئەھمەدبىننى مەھمۇد يۈگنەكىنىڭ « ئەتەبەتۇلھاقايىق » ئەسىرى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىغى، تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك، ئاممىباپلىقى ئىگە بولۇشى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. چۈنكى، شائىر ئۆز ئەسىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بايلىغى ۋە بەدىئى ئېلمېنتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەزمۇنى چوڭقۇر، پەلسەپىۋى پىكىر ـ مۇلاھىزىلەرنى توبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرگۈچى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇنىنى شېرىي مىسرالارغا ناھايىتى ئۇستۇلۇق بىلەن سىڭدۇرگەن. مەسىلەن:

مىڭ ئەر دوستۇڭ ئەرسە نوكۇش كورمە كىل،
بىر ئەر دۈشمەن ئەرسە ئانى ئازلاما.

( دوستۇڭ مىڭغا يەتسە ئۇنى كوپ كورمە، بىر ئادەم ساڭا دۈشمەن بولسا ئۇنى ئازچاغلىما)

ئەسەل قايدا ئەرسە بىلە ئەرسى،
ئەرى زەھرى تاتغۇ ئەسەلدىن ئۇزا.

( ھەسەل نەدە بولسا ، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ، ھەسەلنى يەيىشتىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھىرىنى تېتىشقا توغرا كېلىدۇ )

ئايا ئەزگۈ ئۇمغان ئىسىزلىك قىلىپ،
تىكەن ئەدلەگەن ئەر ئۈزۈم بىچمەز ئول.

(تىكەن تېرىغان كىشى ئۈزۈم ئالالمايدۇ، كىشىگە يامانلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە)

يۇقۇرقىلار « ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار ، گۈلنىڭ تىكىنى »، « نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن » قاتارلىق خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ شائىر تەرىپىدىن ئىجادىي تولۇقلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەسەرــ دە پىكىرنىڭ ئېنىقلىغى ۋە مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بەرگەن.

15 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى كوپ ئىشلىتىپ، ئەدەبىي يېزىق تىلىنى خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۇچۇن تىرىشقان . پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە شائىرنىڭ مۇنۇ غەزىلىنى كورۇپ ئوتەيلى.

ئايا قىڭغا تۇشەر ھەرلەھزە گىسۇ،
مەسەلدۇر كىم: « چىراق تۇبى قاراڭغۇ » .

( « چىراق تۇۋى قاراڭغۇ » دىگەن تەمسىلدە نەيتىلغىنىدەك ، ئورۇم چاچلىرىڭ ھەمىشە تاپىنىڭغا چۇشۇپ تۇرىدۇ )

تۇتارمەن كوزكى كورسەم نارەزىڭنى،
كى دەرلەر: « ئاققان ئارىققە ئاقار سۇ » .

( « ئاققان ئېرىققا سۇ ئاقار » دىگەندەك ، يۈزۈڭگە قارىغانچە قارىغۇم كېلىدۇ )

يۈزۈڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ - كۈندىن ،
كىشىنىڭ كوزىدۇر ئارى تارازۇ »

( يۈزۈڭنى ئاي بىلەن كۈندىن ئارتۇق كورىمەن، چۇنكى، « ئادەمنىڭ كوزى راستىنلا تارازۇ ).

كوزۇڭ قانىمىدىن ئەيمەنمەس ئەجەبدۇر،
كى «قورقار قايدا كىم قان كورسە ھىندۇ.»

( كوزۇڭ قېنىمنى توكۇشتىنمۇ يانمايدۇ، بۇ ئاجايىپ ئىش، چۇنكى، «قاراقچى قاننى كورگەندە نەدىمۇ قورقسۇن » دىگەن مەسەل بار . )

تىلەر ۋەسلىڭنى لۇتفى، قىل ئىجابەت،
كى ئەيتۇرلەر: « تىلەگەننى تىلەگو »

( لۇتفى ۋەسلىڭنى تىلەيدۇ، ئۇنىڭ تىلىگىنى ئىجابەت قىل، چۈنكى، « كىمنىڭ تىلىگى بولسا تىلەۋەرسۇن » دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ )

يۇقۇرقى مىسرالاردا ئىشلىتىلگەن ماقال - تەمسىللەر لۇتفى غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىلىنىڭ ئوبرازلىقىنى كۈچەيتىش ۋە بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا مەلۇم رول ئويناش بىلەن شېئىر مىسرالىرىنى شوخ، ئويناق ۋە جىلۋىگەر تۈسكە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساقمۇ بۇنداق مىساللارنى ئىنتايىن كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ئىنقىلاۋىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قايناق هىسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ رۇشەن نامايەندىسى، سوزجەۋهىرى ماقال - تەمسىللەر ئەينەن هالەتتە ياكى ئۆزلەشتۈرمە هالەتتە تېخىمۇ رۇشەنلەشتۈرۈلۈپ، بېيىتىلىپ كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. مەسىلەن:

قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئەقىلسىزلىق دەلىلىدۇر،
سېنىڭ بۇيۇققا بوز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟

( « ئۇزۇلمەس ئۈمىت » )

ئوتىدا كويمەكتىن ئۆزگە تاپمىدىم هىچبىر ئامال،
« هىجرى دوزاقتىن يامان » دەپ راس ئېيتقان ئۇشبۇ ماقال.

.......................................................

ئابدۇخالىق خانۇ - مانىڭنى بىزەت، قولۇڭغا ئال،
« ئولمىگەن جاندا ئۈمىت بار»، قوپ باهار سازىنى چال.

( « هىجران » )

توپىدا ياتسا گوهەر،
قىممىتىگە بولماس زىيان.

سۇ ئاقار ئاققان ئېرىقتا،
سايدا تاشقىن هەم قىيان.

(«پارچە»)

چېلىش يىللىرىنىڭ باتۇر كۈيچىسى، ئوت يۈرەك شائىر ل. مۇتەللىپ ئۆز شېئىرلىرىدا ئاياللار ئازاتلىقىدىن ئىبارەت مۇهىم ئىجتىمائى مەسىلىنى كوتۇرۇپ چىقىپ:

«ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دەپتىكەن بىر سادده،
تىتىرەك قارا يىللارنىڭ بىر "دانىشمىنى" (؟!)

بىز ئەمدى ئارقىغا-
تاشلىدۇق يىراققا

"چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا" دىگەن چىگىش ئوتمۇشنى،- دەپ يې-
زىش ئارقىلىق فىئودال ھوكۇمىران سىنىپلارنىڭ ئاياللارنى كەمسىت-مەدىغان فىئودال دۇنيا قارىشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بىر قاتار ماقال-تەمسىللەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل، پەسكەش رو-ھىي دۇنياسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

بۇ خىل مىسالالارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى، ئاتاغلىق شائىر نىمشېھىتنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كوپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

تېخىچە "ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش" دەپ ياتقانىڭ ئۇيات،
قايان كەتتى ئۇزۇن يىللاردا يىققان ھەمدە تاپقانىڭ؟

(«ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاپ»)

تومۇر يورغام يولغا چىقسا قاتار-قاتار،
ھەر ۋاگۇندا راھەتلىنىپ كارۋان ياتار.
ئاتىلارنىڭ "يول ئازاۋى-گور ئازاۋى"
دىگەن سوزى ئەندى تەھقىق يەرگە پاتار.

(«تومۇر يورغا»)

بۇرۇندا ئوتكەن بىر نادان پەيلاسوپ،
"ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ" دىگەن.
بەزى ۋىجدانسىزلار ئەشۇ گەپ بىلەن،
مىھرىۋان ئانىدىن يۈزىنى ئورىگەن.

(«پارچىلار»)

يازغۇچى قېيۇم تۇردىمۇ ئوز ئەسەرلىرىدە خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن كەڭ ۋە تەركىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىپ كەلمەكتە. مىسال ئۇچۇن تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن قىسمەن پارچىلارنى كورۇپ ئوتەيلى:

"ئىلىشا بىر نەچچە كۇبلىت تۇرمە قوشىغى ئېيتقاندىن كېيىن:

— ئەللىك يىلدا تەخت يېگىلمىنار، يۈز يىلدا قازان،دىمىيشىدۇ، ئەل قوزغالسا تەخت قوزغۇ-لۇپتۇ، دىيىلگەن كۇنلەرمۇ كىلەر تېخى، - دىدى ".

( « كۇرەشچان يىللار » I - قىسىم )

"ئىلىشا تەمكىنلىك بىلەن ئالماسقا قاراپ:
ــ ئەلىنىڭ قۇلىغى ئەلالىك دېيىشىدۇ، مۇڭگۈزلۈك ئىسكەندەر بەگمۇ ئوز مۇڭگوزىنى يوـ شۇرۇپ، ئاخىرى سىرىنى ساقلاپ قالالمىغان، ـ دىدى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى، ـ ئۇ مۇڭگۈزىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەسكە ھەركەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن شەھەر " ئىسكەندەر بەگنىڭ مۇڭگۈزى بار، ئىسكەندەر بەگنىڭ مۇڭگۈزى بار» دېيىش بىلەن ئۇنىڭ سىرىنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىۋەتكەن ئىكەن. بۈگۈن، ئۇكام ئالماس، سەن گوھەردەك شىرىن گەپلەرنى ئېيتتىڭ، توگـ دەكبويۇڭ بولغىچە، توگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن، دېيىشىدۇ، سىنىڭ ئېيتقىنىڭ پۈتۈنلەي دۇرۇس... ".
( يەنە شۇ كىتاپتىن )

يۇقۇرقى پارچىدا بېرىلگەن ماقال ـ تەمسىللەر بىر تەرەپتىن ئالماس تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن ئاـ زاتلىق تېگىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىغى توغرۇلۇق خوش خەۋەرنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قوزغىغان تەسىرىنى كۆچەيتىپ بېرىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار موپسېپىت ئېلىشانىڭ ئاغزىـ دىن بېرىلگەچكە، ئۇنىڭ ئوبرازىنى كوپىنى كورگەن، تەجرىبىلىك ۋە ئەقىللىق كىشى قىياپىتىدە كەـ تاپخانلارنىڭ كوز ئالدىدا گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىل مىساللارنى يازغۇچىنىڭ باشقا ئەسەرـ لىرىدىمۇ كوپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.
يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ « قاينام ئۇركىشى » ناملىق رومانى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ خاراكـ تېرلىقتۇر.خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ كەڭ تۇردە ۋە ئورۇنلۇق قوللىنىلىشى ئەسەرنىڭ تىلىغا بىر تىزدىق رەڭدار ئۇنچە ـ مەرۋايىتقا ئوخشاش جۇلالىق تۇس بەرگەن؛ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە قۇربان قېلىچنىڭ ئاقىۋىغا كېلىش سەپىرىدە ل. مۇتەللىپكە سوزلەپ بەرگەن ھېكايىسىدىن بىر ـ ئىكـ كى ئابزاسىنى مىسال كەلتۈرىمىز:
" ئۇ چاغلاردا ، زامان زورنىڭ ، تاماشا كورنىڭ، بولۇپ، سۇ سايغا ، پۇل بايغا، ئا ـ قاتتى...
... مۇندىن كېيىن ئاتامنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىپ، زايىت بەگ ئۈستىدىن ئەرز يازدىم، لېكىن، "بىگىنگە يەتكىچە، بىلىك سۇنۇپتۇ» دىگەن راست بولۇپ چىقتى. ئەسلىدە "ھاسى ئوغرى بىلەن مۇسى ئوغرى بىر» ئىكەن. ھوكۇمەتكە قارشى دىگەن بەتنامىنى چاپلاپ، مىنى ئاستى، ئۇردى، كاگـ زىغا باستى، تىنىمىنى تىتما ـ تىتما قىلىۋىتىشتى. تېخى"ئۇۋامەكىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ ئۈچ ئاي قاپ ـ قاراڭغۇ زىندانغا سولاپ قويۇشتى..."
"... قازاندا نىمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ»دەيدىغان گەپ بار. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان "ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم» دەيدىغان زامان بولۇپ كەلدى."ئان ئىچكۈچى كەتسە، قان ئىچكۈچى»كىلىدىكەن. "ئوڭدا ياتقان گىردە، كەتمەن چاپقان جىگدە» يەيدىكەن. ئۇلۇشكۇن ئاتام رەھمىتىنىڭ ئۇرۇلۇپ، قامىلىپ، ئاخىرى ئولگىنىنىڭ چول ـ جەزىرىلەردە قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولغانـ لىغى ھەققىدىكى پاجىئەنى ئاڭلىدىڭلار، ئاشۇنداق، "يامان بولساڭ ئاسىدۇ، يۇۋاش بولساڭ باسىدۇ". بىچارە خەلقىمىز زامانلاردىن بۇيان زۇلمەتلىك كۈنلەر دەستىدىن خار ـ زارلىق ئىچىدە"ھالى پەرىشان، كىيىمى تىرە ئىشتان»بولۇپكىلىپتۇ. نەگىلا بارسا "بىگىم چىقىپ ئوردىدىن،قورقۇپ كەتتۇق دوغىدىن" دىگەندەكۋەھىمە ھوكۇم سۈرىدىكەن. چىداشقا تاقەت قالمىغاندا،سادىر پالۋاندەكلەرمۇ چىققان ئىكەن. "مىلىق ئاڭلىغاندىن بىر كورگەن ئەلا".ھارۋىكەشلەر يۇرتمۇ ـ يۇرت يۇرۇپ ھەممىنى ئوز كوزى بىلەن

كورەلەيدۇ. مەنمۇ يۇرتتا تۇرۇشقا زادىلا تاقىتىم قالماي، ھارۋا ھەيدەپ ھەر-ھەر يەرلەردە يۇرۇۋاتىمەن. ئاتا-بوۋىلىرىمىز "دەرت سوزلىتەر، ئەلەم ئورلىتەر" دەيتتىكەن. ياش كوزدىن بىكار ئاقمايدۇ، ناخشا يۇرەكتىن بىكار چىقمايدۇ. "تومۇرنى دات يەيدۇ، يۇرەكنى ھەسرەت"ئەمەسمۇ؟...»

بىز يۇقۇرىدا خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتتىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا سوزلەپ ئوتتۇق. لېكىن، ماقال-تەمسىللەردىن پايدىلىنىش مەسىلىسى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ نوقۇل ھالدا بىر قانچە پارچە ماقال-تەمسىلنى زومۇ-زو ئوز ئەسىرىگە كىرگۈزۈپ قويۇشى لازىم دېگەنلىك ئەمەس، ماقال-تەمسىللەر ئەسەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇۋاپىق تاللانغاندا، سوز-جۇملىلەرىياكى مىسرالارغا ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن سىڭدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن، بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەندىلا، ئاندىن تېگىشلىك رولىنى جارى قىلالايدۇ ۋە ياخشى ئۇنۇم بېرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئەدىپلىرىمىزدىن بىرى شائىر تېيىپجان ئېلىيېپتۇر. تووەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر نەچچە مىسال كورۇپ ئوتەيلى:

ئوزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچىرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئوز ئېلىمدە يايرىغاي كەيسەم كولاھو-جەندىمەن.

(«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»)

بۇ ئىككى مىسرا شېئىر "كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئوز يۇرتىڭدا ئولتاڭ بول» دېگەن خەلق ماقالىنىڭ شېئىرىي پىكىر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىككىنچى بىر خىل شەكلىدۇر.

باشقا ئوي باردۇر ئۇنىڭ كوڭلىدە،
سەككىز دېمەڭلار سانىماي تۇرۇپ.

(«سارىيە»)

جاللات دەيدۇ باتۇرغا: گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟
قىلماقچىمىز بىز سېنى ئىستىقپارغا دالالەت.

باتۇر دەيدۇ: تۇرغاندا جىمى گۇنا ئوزۇڭدە،
قاپ كوتەرمەك باشقىغا نىمە دېگەن قاباھەت؟!

(«يۇيغۇاتەيگە زىيارەت»)

يۇقۇرقى مىساللاردىن ئوچۇق كورۇپ تۇرۇپتىمىزكى، خەلق ماقال - تەمسىللىرى شائىر تەرىپىدىن ئىجادىي ھالدا ئوزلەشتۇرۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ ھال شائىر ئىجادىيىتىنى ئاممىباپلىقتا، گوزەل - جەزبىدار تۇسكە ۋە ئوزىگە خاس ئېھنىدئۇىدا للىققا ئىگە قىلغان.

خۇلاسە قىلغاندا، خەلق - ماقال تەمسالىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۇرلىرىگە ئوخشاشلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى يۇتمەس - تۇگمەس باي مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. يازغۇچى، شائىرلارنى ئوز ئەسەرلىرىدە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە پەلسەپىۋى پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى يۇرگۇزۇشكە، ئەسەردە ئالغا سۇرۇلگەن پىكىرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىخچاملاشقا ئۇگىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى خەلقچىللىققا ۋە ھاياتىي كۇچكە ئىگە قىلىدۇ. قىسقىسى، خەلق ماقال-تەمسىللىرى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ مەڭگۇ ئوگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشىغا تېگىشلىك بىر مۇھىم ساھەدۇر.

# يايلاقتىكى ناخشا

(ھېكايە)

ئاتىكەم زەمىر

ياي‌لاقتىكى ئەڭ گۈزەل كۈنلەر - ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ باشلىرى، كوكتىك تاغ باغرىدىكى يايلاق گويا رەڭدار كىمخاپتىن لىباس كەي-گەندەك ھەر خىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، تاغ بۇلاقلىرىدىن چىقىپ تاغ باغرىنى بويلاپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈپ-سۈزۈك سۇ ئەۋازىغا تەڭكەش بولغان يېقىملىق نەي ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ، كىشىگە بەكمۇ ھوزۇر بېغىشلايتتى.

گۈلپەرى ئاپپاق ئىككى چېلەكنى ئېلىپ ئاق ئويدىن ئالدىراپ چىقتى ۋە بۇلاق بېشىغا كەلدى. ئۇ قولىغا نەقىشلەنگەن جامنى ئېلىپ چېلەككە سۇ ئېلىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئاڭلانغان نەي ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ قولى بىردىنلا ئىشتىن توختىدى-دە، پۈتۈن زېھنى بىلەن نەي ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. تونۇش نەي ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنى يايرىتىۋەتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كوكتىك تاغلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن نەزەر تاشلىدى. مانا كوز ئالدىدا رەڭدار گىلەمدەك جۇلالىنىپ تۇرغان يايلاقتىكى ھەرخىل گۈللەر ۋە يېشىل مايسىلار نەي ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ گويا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك كورۈنەتتى. گۈلپەرى سۇ ئۇسۇلغان چېلەكلەرنى بۇلاق بېشىدا قويدى-دە، نەي ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ ئاستا قەدەم تاشلىدى: ۋە تاغ باغرىغا يامىشىپ چىقىپ كەتتى.

— پەرى، ئەي پەرى.

زەرۈيمك ئاچا قولىدىكى سېرىق ياغ چىقىرىۋاتقان پادارنى① سەغى② ئىچىگە قويۇپ، ۋاقىرىغىنىچە ئاق ئويىنىڭ كىگىز ئىشىگىنى قايرىپ سىرتقا چىقتى:

— قازان قىزىپ كەتتى، نىمىشقا تېخىچە سۈنى ئەككەلمەيدىغاندۇ؟ بۇلاققا چۈشۈپ كەتتىمۇ - نىمە؟

زەرۈيمك مايلاشقان قوللىرىنى پېشىغا ئەيتقىنىچە بۇلاق بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كوزى بۇلاق بېشىدىكى يېرىم سۇ تولدۇرۇلغان چېلەككە چۈشتى-دە كايىپ كەتتى.

— ھەي! مەن نىمىنىڭ كويىدا، پەرى نىمىنىڭ كويىدا، ئىككى قولۇمنى توت قىلالماي تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا!

زەرۈيمك ئاچا چېلەككە سۇ تولدۇرۇپ كوتىرىۋاتقىنىدا تاغ باغرىدا گۈل تېرىپ، دەستە

① پادار- قېتىق قوچۇيدىغان پالاق
② سەغى- قېتىق قويۇلغان ياغاچ كۆپ

ئىمزىۋاتقان گۈلپەرىنى كورۈپ قالدى ۋە بىردىن ئۇنى تووۋلاي دەپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ قۇلىغىغا يېقىملىق نەي ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نەي، ئەي سوڭەك نەي! نىمە دىگەن يېقىملىق سىنىڭ ئاۋازىڭ — ھە! — دىۋەتتى، ئۇنىڭ يۈرىگىنى ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىدىكى ھاياجانلىق ھىس-تۇيغۇلىرى قاپلىدى. ئۇ خىيال دەرياسىدا ئەمدىلا ئۈزۈۋاتقاندا تاغنىڭ ئەكس ساداسى بىلەن جاراڭلاپ ئاڭلىنىۋاتقان روبائىينى① ئاڭلىدى.

ئەتىيازدا ئېچىلدى گۈللەر،
تۇزۇپ كېتەر كۈز بولغان چېغى.
گۈل قەدرىنى بۇلبۇلدىن باشقا،
ئاسان ئەمەس بىلىپ بولمىغى.

تاغ تورغىيى سايرىدى تاغدا،
دىل تارىنى مەھلىيا قىلىپ.
نەي ئاۋازى تارتتى ئۇسۇلغا،
تاغ-داۋاندىن لاچىندەك ئۇچۇپ.

زەرۋىيەك ئاچا بۇ تونۇش ناخشىنى ئوزى نەچچە رەت ئاڭلىغانلىغىنى بىلەلمىدى، ئۇ ياكى خوشال بولغىنىنىمۇ ياكى خاپا بولغىنىنى بىلەلمىدى بولغاي، ئۆز - ئۆزىگە ئاستىغىنا « ياشلىق » دەپ پىچىرلاپ قويدى - دە، سۇ تولدۇرۇلغان چېلەكنى كوتۈرۈپ ماڭدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قوللىرى تىلىپ كەتكەنلىگىدىن چېلەكنى ئاستاغىنا يەرگە قويدى. ئۇ ئەمدى زىل نەغمە ئىتتىرەك ئاۋازدا چىقىۋاتقان « گۈلبىتە » ئاھاڭىدىكى مۇڭلۇق بېيىتنى ئاڭلىدى. ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان قىزىنىڭ ئاۋازى ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ئىشىك ئالدىدا توختاتتى.

بولساڭ ئەگەر سۇ ئۆزگۈچى،
قورقما غەرق بولۇپ كېتىشتىن.
يىغلىما پەريات چېكىپ،
ئۈمىت ئۈزمە بەختتىن.

دۈشمىنىڭ گەر بولسا قىل،
بىل ئۇنى پىلدىن يوغان.
بىلسەڭ ئەقىل ئىشارىسى،
ھەرگىز چەكمەيسەن پىغان.

زەرۋىيەك ئاچا قولىدىكى سۇنى پىژىلداپ تۇرغان قازانغا قۇيۇپ بولۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى - دە، راۋاپقا زەخمەك ئۇرۇپ « قىزىل گۈل » ناخشىسىنى ئاستا ئوقۇۋاتقان مىرزىغا قارىدى. « مىرزا، ھەي مىرزا، - دەپ ئويلىدى ئۇ كوڭلىدە، - قىرىغىنىغا قارىماي خۇددى ياش يىگىتلەردەك زەخمەك ئۇرۇۋاتقىنىنى كورمەمدىغان! ئۇ مىرزىنىڭ يېرىمىدىن كوپرەگى ئاقرىپ كەتكەن ساقاللىرىغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ خىيالى قاناتلىنىپ يىراقلارغا كەتتى...

مۇندىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرى مىرزا بىلەن زەرۋىيەك تېخى 10 گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان غۇنچىلار ئىدى. ئۇلار ئىككىسى مانا مۇشۇ چوقۇر يايلىقىدا باشقىلارنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ياللانغانلاردىن ئىدى. مىرزا ئالتا تارلىق راۋاپنى چېلىش بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى. ئۇ ئىگىز تاغلاردا پادا باققاچ «قى-

① روبائى — مۇھەببەت ناخشىسى، بۇ خەلق ناخشىسى بولۇپ شېئىر شەكلى، روبائى شەكلىدە يېزىلغان، شېئىر تاجىكچىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

زىل گۈل» ناخشىسىنى ئىجات قىلىپ، توي مە-
رىكىلەردە راۋاپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ خەلقلا
ئىناۋەتكە ئېرىشتى. مانا بۇ ناخشا گۈزەل ،
زىلۋا بويلۇق،قاپ - قارا كوزلۇك ئاق كو-
كۈل تاجىك قىزى زەرۈينىڭ يۈرەك تارىلىرى-
نى تىترىتىپ كوكۈل بوستانىغا چوڭقۇر ئور-
نىغان ئىدى. ئۇ بۇ ناخشىنى چىن قەلبىدىن
ياخشى كورگەن.چۈنكى مىرزا يايلاقتا ئۇچرى-
غانلىكى تاغ گۈللىرى ئارىسىدىكى ئەڭ گۈزەل،
ئەڭ پۈرا قلىق قىزىل گۈلنى سىموۋۇل قىلىپ تۈنجى
قېتىم زەرۈينىككە ئوز مۇھەببىتىنى ئىزهار قىل-
غان ناخشا ئەمەسمىدى؟ ناخشا ئەل-يۇرتقا تا-
رالغان ھامان ئۇنىڭ ھىكايىسىمۇ دەرھال تار قىلىپ
بولدى، بىراق بۇ مۇھەببەت شەيدالىرى ئەشۇ
كۈنلەردە مۇھەببەت شارابىنى ئىچىشكە مۇيەس-
سەر بولالمىغان. پەقەت پامىر رايونى ئازات-
لىققا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ بىر جۈپ قوش
يۈرەك مۇرات-مەقسىدىگە يېتىشكەن...

ئاق ئويىنىڭ ئىشىگىنى قايرىپ گۈل پەرى
ئويگە كىردى. ئۇنىڭ مەڭزى ئادەتتىن تاش-
قىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ئوزىنى بىر قىسما خىر-
جالەت ئىلكىدە ھىس قىلغان بولسا كېرەك -
چەكەن كۈلتا ① سى ئۈستىدىكى نارانجى②
ياغلىغىنى سەل قاڭشىرىغىراق تارتىپ ئۇدۇل
چىغ قازناققا كىرىپ سېرىق ياغ چىقىرىشقا باش-
لىدى. گۈلپەرى ئادەتتە خېلىلا گۈزەل قىزلار-
دىن بولسىمۇ، جىمغۇر ۋە تارتىنچاق، ھايالىق
قىز ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ھايا قىلىپ-
لا قالماي، دادىسىنىڭ سىرتتا تۇرۇپ ئاچچىغ-
لىنىپ قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ ئو-
زىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى . ئە-
گەر ھازىرقى بۇلاق بېشىدا ئىگىسىز قالغانچە-
لەكنى مىرزا ئاتا بىلگەن بولسىچۇ؟ ياكى بول-

...مىسا زەرۈينىك - ھەي! قىز بالا چوڭ بولغاندا
... دەپ ئىشىكتىن كىرگەن بولسىچۇ؟ بۇنى مىر-
زا بىلىپ قالغان بولسا شاپ بۇرۇتلىرى يەنە
تىترەپ كەتكەن بولاتتى.

ياخشى، زەرۈينىك ئاچا ئېغىز ئاچمىدى، ئۇ
قىزىنىڭ تەڭلىكتە قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئا-
نا - دە، قىزىنىڭ كوڭلىدىكىنى ئاللاقاچان
بىلەتتى.

گۈلپەرى بىلەن ئەزىمەت كىچىكىدىن تار-
تىپلا چۇقۇر يايلىقىدا بىللە ئوسۈپ چوڭ بول-
غان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزىمەتنىڭ دادىسى ساۋ-
گەن بىلەن گۈلپەرىنىڭ دادىسى مىرزانىڭ مۇ-
ناسىۋىتى بەكمۇ قويۇق، يېقىن بۇرادەرلەردىن
ئىدى، شۇڭا ئۇلار كېلىشىپ گۈلپەرى ۋە ئەزى-
مەتلەر تېخى كىچىك چاغدىلا چاي ئىچكۈزۈپ
قويۇشقان ئىدى. يىللارنىڭ ئوتىشى بىلەن ئۇ-
لار چوڭ بولۇشۇپ چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى
مەكتەپكە كىرىپ ئوقىدى، بىللە قوي بېقىشتى،
نەي چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشتى. گەرچە ئۇلار كو-
دەك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىنى بىر خىل
يېقىنلىق باغلاپ تۇراتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنى
بىللە پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۈلپەرى تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپكە كەتتى. ئەزىمەتنىڭ دادىسى
يالغۇز بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇشقا ئەۋەت-
مەي چارۋا بېقىشقا ياردەملەشتۈردى.

— قۇدا، - دەيتتى بىرچاغلاردا ساۋگەن پات-
پات مىرزىلارنىڭكىگە كېلىپ، - بالىلىرى-
مىزمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى.
" دوختەر تەلىبدەن نەڭ نەست، نەدادەن جەڭ
نەست ③ " دېگەن گەپ بار. قىز بالا ئوقۇپ
نىمە قىلاتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ تويىنى قىلى-
ۋېتەيلى.

— قېنى، لەۋزى ھالال، دەيتتى مىرزا ئۇنىڭغا

① كۈلتا - تاجىكچە قىزلار دوپپىسى.
② نارانجى رەڭ - توق كاۋا چېچىكى رەڭلىك رومال
③ ،، قىز سوراپ كېلىش گۇناھ ئەمەس، قىزنى بەرمەسە جېدەل قىلىشقا بولمايدۇ ،،

جاۋابەن،— كېلەر يىل يازدا كورۇپ باقايلى، پەرى تېخى مەكتەپتىمۇ. مېنىڭچە بولغاندا ئۇنى مەكتەپتىن چىقارساقمۇ بولاتتى، مۇشۇ زەرۇيىك، جانىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان كەمپىر، زادىلا ئۇنىمىدىغۇ؟

مىرزا كېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، راۋاپنى قولىغا ئېلىپ تىڭشىتىشقا باشلىدى ۋە يەنە گەپنى شۇ قەدىمقى رىۋايەتلەر، روبائىيلار ئۈستىگە يۆتكەپ ئاستا ناخشا ئوقۇشقا باشلىدى.

ئايلار كەينىدىن ئايلار ئۆتتى، يىللار كەينىدىن يىللار ئۆتتى. ھەش - پەش دېگىچە گۈلپەرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ قىزنى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى. يازلىق تەتىلمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. گۈلپەرى بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقاچ، تېخنىكومغا بېرىپ ئوقۇش ھەققىدىكى چاقىرىق قەغىزىنى كۈتىۋاتاتتى. ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پەرىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ پەس تەرىپىدىكى تاش يولدا بىر جىپ ماشىنا توختىدى. پەرى چوڭ قويلاردىن قوزىلارنى ئايرىپ باغلاپ بولغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ قوي سېغىشىغا ياردەملىشىۋاتاتتى. مىرزا ئاق ئۆيدىن چىقىپ ماشىنا تەرەپكە قارىشىغىلا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ شۇجى ۋە ھاكىم زەۋدىبىكلەر ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆي تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. مىرزا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تاجىك قائىدىسى بويىچە ئۇز ئارا قوللىرىغا سۆيۈشۈپ كورۇشتى.

— ياخشىمۇ سەن مىرزا بۇرادەر ،— دېدى جاڭ شۇجى ساپ تاجىك تىلىدا،— بىر قانچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلار ئالدىراش، داتۇڭ، بۇرۇمسال تەرەپلەرگە خىزمەت بىلەن كېتىپ قېلىپ بۇ يەرلەرگە كېلەلمىدۇق، كورۇشەلمىدۇق.

— يامان ئەمەس تۇردۇق جاڭ شۇجى، پارتىيە بىزگە بەختلىك كۈن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىۋاتىمىز، — دەپ مىرزا ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

ئۇلار ئاق ئۆي ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن زەرۇيىك ۋە پەرىلەر بىلەن سالاملاشتى-دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۆي ئىچىگە كىرىپ كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن مىرزا ئۇلارغا:

— خۇش ئامەدى ①، — دېدى. ئۇلار بىردەكلا:

—بارىكاللا! —دېيىشتى.

زەرۇيىك ۋە پەرىلەر مۇسۇت ساققان چىلەكلىرىنى كوتۇرۇشۇپ ئۆيگە كىرىشتى — دە ئۇلارغا :

— خۇش ئامەدى،— دېدى. زەرۇيىك چىلەكنى قويۇپ، دەررۇ ئوچاق ئىچىدىكى قوقاسقا قويۇپ قويغان چەينەكنى ئېلىپ، چاينى سورۇپ قايماق ئارىلاشتۇرغاچ شۇجىگە گەپ قىلدى:

— جاڭ شۇجى، بىر-ئىككى ئايدىن بېرى بىز تەرەپلەرگە كەلمىدىڭىز، سىزنى سېغىندۇق. جاڭ شۇجى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ تاجىك تىلىدا جاۋاپ بەردى:

— ئىشلار ئالدىراش، باشقا گۇڭشېلارنىڭ ئىشلىرىنى كوزدىن كوچۇرىمىز دەپ بۇ يەرگە كېلەلمەي قالدىم. مانا بۈگۈن ئاللاھىدە بىر خوش خەۋەر بىلەن سىلەرنى تەبرىكلىگىلى كەلدىم.

— نىمە خوش خەۋەر ؟ — مىرزا بىلەن زەرۇيىك تەڭلا سورىدى. قازناقتا داستىخانغا نان سېلىپ مەزە راسلاۋاتقان گۈلپەرىمۇ ئىتتىك بېشىنى چىقىرىپ قاراپ قالدى.

— گۈلپەرى ئىمتىھاندىن ئوتتۇپتۇ، ئەمدى

① خۇش ئامەدى — خۇش كېلىپسىز دېگەن مەنىدە

دوختۇرلۇق مەكتىۋىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولـ
دى،ـجاڭ شۇجى سومكىسىنى ئاختۇرۇپ چاقىـ
رىق قەغىزىنى ئېلىپ مىرزىغا ئۇزاتتى. مىرزا
ئۇنى قولىغا ئېلىشىغا گۈلپەرى دادىسىنىڭ قېـ
شىغا كەلدى ـ دە،قەغەزنى دادىسىدىن ئالدى
زەرۈيىكمۇ چاينى قۇيۇپ قىزىنىڭ قېشىغا كېـ
لىپ،قەغەزگە تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئۇزاتـ
تى. بۇ خوش خەۋەر بۇ ئاددى چارۋىچى ئاـ
ئىلىسى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن چوڭ خوشاللىق
ئىدى. زەروييىك كوزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېـ
لىپ يەڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتتى ـ دە،

ـــ ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن،خوش خەۋەرنى ئاڭـ
لاپ،مېھمانلارغا چاي ئەكىلىشنىمۇئۇنتۇپ قاپـ
تىمەن، ـ دىدى.

مىرزا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئەكەلدى ۋە:
داسقان سېلىپ، يېڭىلا ئوچاقتىن قومۇرۇلـ
غان يۇمشاق نان بىلەن ھەر بىر پىيالىغا سېـ
رىق ماي سېلىپ قايماق چاي قۇيىدى. شۇ ئاـ
رىدا گۈلپەرى قازناقتىن پۇشۇرۇلغان سۆغۆق
كىيىك گوشىنى لىگەنگە سېلىپ ئېلىپ چىقتى ۋە
دادىسىغا سۇندى. مېھمانلار سوغۇق گوش بىـ
لەن يۇمشاق ناننى قايماق چاي بىلەن ھوزۇرـ
لىنىپ يېيىشتى. جاڭ شۇجى ئۇلارنىڭ ئائىلە
ئەھۋالىنى،توللەرنىڭ نەي بولۇشى، قويلارنىڭ
سۈت بېرىشى ۋە يايلاقتىكى ئوت ـ چۆپلەرـ
نىڭ بۇ يىل يىغىۋىلىنىش
ئەھۋالىنى سوراپ ، قانائەتلەنگەندەك جاۋاپ
ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە :

ـــ 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گۈلپەرى شەھەرـ
دىكى تىببى تېخنىكۇمغا بېرىپ تېزىمغا ئالدۇـ
رۇشقا ئۈلگۈرۈشى كېرەك ئىكەن . مەن 1 ـ 2
كۈن مۇشۇ ئەتراپتىكى چارۋىچى ئائىلىلەرنى
كوزدىن كوچۇرۇپ، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ
بولۇپ قايتىمەن . سىلەر پەرىنىڭ تەييارلىقىـ
نى پۈتتۈرۈڭلار ، مەن ناھىيىگە ئالغاچ كېـ
تىپ،ئۇزەم شەھەرگە يولغا سېلىپ قوياي ، ـ
دىدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويدىكىلەرنىڭ دىلـ
لىرى سۆيۈنۈپ كەتتى . شۇجى ئۇلار بىلەن
خوشلىشىپ ماشىنىغا ئولتاردى ۋە سېرىق تاش
يايلىغى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ئوي ئىگىلىـ
رى ئىشىك ئالدىدىكى دوڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بۇ
كىچىككىنە جىپ ماشىنىنىڭ قارىسى يۈتكىچە
قاراپ قېلىشتى . " مانا، خەلقىنىڭ كادىرى
بولسا ئاشۇنداق بولسا، سادىغاڭ كېتەي"ـ
دىدى مىرزا ئوز ئۆزىگە.

دىمىسىمۇ ئۇزۇن يىللىق ئومرىنى چېگرىدىكى
بىر ئازسانلىق مىللەت خەلقىنىڭ بەختـسائادىتى
ئۈچۈن بېغىشلىغان پۇپىشقەدەم كادىرغا بۇيەردىـ
كىلەرنىڭ ھورمىتى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئىدى.

50 ياشلارغا بېرىپ قالغان،چېكە ـ چاچلىـ
رىغا قىرو چۈشكەن بۇ پىشقەدەم شۇجىنىڭ ناـ
ھىيە تەۋەسىدە قەدىمى يەتمىگەن بىرمۇ چارۋىـ
چى ئائىلىسى بولمىسا كېرەك . ئۇ ناھىيىگە
كەلگىنىگە 20 يىلدىن ئاشقان بۇ كۈنلەردەتاـ
جىك تىلىنى سۇدەك ئۆگەنگەن ، تۇرمۇش
ئورپ ـ ئادەتنى پىششىق بىلەتتى . ئۇ تاجىك
چارۋىچىلىرىنىڭ بىر ياخشى رەھبىرى بولۇپلا
قالماستىن،بەلكى يېقىن كىشىسى، سىرداش دوسـ
تى ئىدى . جاڭ شۇجى كەپتۇ دىسە 7 ياشارـ
دىن 70 ياشارغىچە بولغان كىشلەرنىڭ ھەممىـ
سى سۆيۈنۈپ كېتەتتى . تاشيول ياسالمىغان
گۈڭشې ـ دۈيلەرگە، يايلاقلارغا ئات مىنىپ
باراتتى . ئارپا نان، مەيلى پۇرچاق نانبارـ
مۇ،نىمە بولسا ئاما بىلەن تەڭ كورەتتى ،
ھەر يىلى ئۇنىڭ ئائىلىدە تۇرۇدىغان ۋاقتى
ناھايىتى ئاز بولاتتى .

ھەر بىر چارۋىچىنىڭ دەرتـ ئەھۋالىغا يېـ
تەتتى ... مانا بۈگۈن ئاددىچارۋىچى مىرزىـ
نىڭ ئويىگە قىزى گۈلپەرىنىڭ ئوقۇشقا بارـ
دىغانلىقخوشخەۋىرىنى ئالغاچ كەلگەن ئىدى.

بۇنداق ياخشى كادىرنى كىممۇ ياخشى كۆرمەسۇن؟

مىرزا مېھمانلارنى ئۇزۇتۇپ، خىيالىدىن ئەمدىلا ئۆزىنى يىغىپ تۇرۇشىغا يول ئۈستىدە ئاتلىق بىرسى بۇ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. مىرزا سىنچىلاپ قارىغان ئىدى، دوستى ساۋگەن ئىكەن. ئۇ ساۋگەننىڭ ئالدىغا ماڭدى. ساۋگەن ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى ۋە ئۇز ئارا قوللىرىغا سويۇشۇپ كۆرۈشتى. مىرزا ئاتنى قوزۇققا باغلاپ قويۇپلا ساۋگەننى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە زەرۈيىك ھەدەپ سېرىق ماي ئېرىتىپ يول ئۇزۇغى خەكىس تەييارلاۋاتاتتى. گۈلپەرى بولسا ئالا خورجۇنغا كىيىملىرىنى راسلاپ سېلىۋاتاتتى.

— كېلىڭ، كېلىڭ! — دەپ زەرۈيىك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ساۋگەننىڭ قولىغا سويدى. گۈلپەرىمۇ ساۋگەننىڭ قولىغا سويدى-دە، تورگە تەكلىپ قىلىپ:

— خوش ئامەدى، — دېيىشتى. ساۋگەن

— بارىكاللا دەپ ئورنىغا ئولتۇردى.

مىرزا ساۋگەننىڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى بىلدى بولغاي، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ساۋگەن زەرۈيىككە قاراپ:

— زەرۈيىك بىرەرسىڭلار سەپەرگە چىقامسىلەر نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، قىزىمىز گۈلپەرى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە دوختۇرلۇق مەكتىۋىگە ماڭماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەرتە چاڭ شۇجى ناھىيىگە بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى، شۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز، بىزنىڭمۇ غەممىز ھەل بولدى.. قىزىمىز گۈلپەرى دوختۇر بولسا نېمە دېگەن ياخشى — ھە!؟ بىمالال كېسەل كۆرسۈتۈپ داۋالىنىدىغان بولدۇق دەپ كۈلۈپ كەتتى. ھەقىقەتەن ئۇ خۇشاللىقتىن ئىرىنىگە سىغماي قالغان ئىدى. لېكىن ئىمىشقىدۇر بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ ساۋگەن جىمىپ كەتتى، شۇتاپتا ئۇنىڭ ياخۇشال بولغىنى، يا خاپا بولغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. زەرۈيىك داستىخان سېلىپ چاي قۇيدى. ساۋگەن قولىغا پىيالىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى...

شۇ كۈنلەردە ساۋگەننىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولغانسىرى ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىۋېتىشنى كۆپ ئويلايدىغان بولدى. ساۋگەن ئويلا-ئويلا ئاخىرى گەپنى چورتلا كېسىپ كېلىش ئۈچۈن ئايالى ۋە ئوغلى ئەزىمەت بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— ياق يەنە تەخىر قىلايلى! مىرزا ئۇنداق لەۋزىدە تۇرمايدىغانلاردىن ئەمەس، — دېدى ساۋگەننىڭ ئايالى. ئەزىمەت بولسا دەسلەپتە قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى، بۇ توي مەسلىھەتىنى ئاتىسى ئۇنىڭ بىلەن پەقەت بۈگۈنلا يۈز تۇرانە قىلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە گۈلپەرىگە بولغان سەممىمى مۇھەببىتى خۇددى ئالتۇن قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقاندەك ئۇنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈردى:

— دادا، ھېلىغۇ 2-3 يىل، 10 يىل بولسىمۇ مەن گۈلپەرىنى كۈتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىمەن، — دېدى.

— ھەي! — دېدى ساۋگەن ئاچچىغى بىلەن بۇ كۈندە باللارمۇ گەپكە كىرمەس بولۇپ كەتتى. مۇھەببەت باغلاشدەيدىغان بىر نەرسە بۇتاغنىمۇ قاپلىدىمۇ نېمە؟ ئاناڭغىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن! ئاغرىقچان، قېرىپ قالدى. ئۆيگە كېلىن ئەكىرىپ ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرمىسە بولامدۇ؟ سېنىڭ تەڭتۇشلىرىڭنىڭ بىردىن بالىسى بار، سەن تېخى يۈرۈيسەن، ھازىر چارۋا قوروللىرىنى ھۆددىگە بېرىدىغاننىڭ گېپى بار، ئەگەر شۇنداق بولسا ئەمگەك كۈچى كېرەكتە دېدى — يۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەينىگە قولاق سالمايلا مىرزالارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئىدى.

ساۋگەن خىياللىرىنى ئۈزۈپلا ئاخىرى

زەرۈيىككە قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— گۈلپەرى ئوقۇشقا ماڭسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ كېيىمىزچۇ؟

— هەي ساۋگەن كېيىمىز گەپ، يەنە 3 يىل كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— ئۇنداقتا مەن ئەزىمەتنىڭ غېمىنى باشقا يەردىن يېسەم بولغىدەك.

— نېمە؟ — دىدى زەرۈيىك. — باشقا يەردىن؟ لەۋزىمىز لەۋزە، ئون يىل ئۆتسىمۇ.

— هەي قويۇڭ بۇ قۇرۇق گەپنى، گۈلپەرى كادىر بولدىمۇ-ئىش تۈگىدى دىگەن گەپ. ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا دىگەن گەپ بار، مەن ئۇنى بىز قېرىغان ۋاقتىمىزدا قولىمىزغا قول، پۇتىمىزغا پۇت بولۇپ، يۈكىمىزنى يەڭگىللىتەرمىكىن دىگەن ئىدىم، — دىدى ساۋگەن خاپاچىراي.

گۈلپەرى چىغ بىلەن ياسالغان قازناقتا تۇرۇپ كەلگۈسى قەيناتىسىنىڭ گېپىنى ئۆز نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرغاچ تولىغى بىلەن ئاڭلىدى، ئۇنىڭ كوڭلى توق ئىدى. ئۇ ئەزىمەتتىن ئايرىلىشنى ئويلاپ قويغىنىمۇ يوق. بىراق بىر قانچە يىل ئوقىغان ئوقۇشىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلققە يارامىلىق بىر ئادەم بولۇشنىلا ئويلايتتى، ئۇ ئاللا بۇرۇن بۇ ئىش ئۈستىدە ئەزىمەت بىلەن پۇختا ۋەدىلەشكەن ئىدى. ئۇ تونۇش ۋە قەدىردان بولاق بېشىدا ئەزىمەت بىلەن ئاخىرقى قېتىم كورۇشكىنىدە بۇ هەقتە سوزلۇشۇپ مۇنداق دىگەن ئىدى:

— ئەزىمەت! مەن ئەگەر ئەرشتىن چۈشكەن پەرىزات بولۇپ قالدىم دىگەندىمۇ سەندىن مېھرىمنى ئۈزمەيمەن، بىز ئومۇرۋايەت بىللە ئوتىمىز. ئەزىمەت ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— قەدىرلىگىم گۈلپەرى، مەن سېنى سۆيەمەن، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يارامىلىق دوختۇر بولۇپ قايتىپ كېلىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن، — دىگەن ئىدى.

ساۋگەن چاي-پاي ئىچكەندىن كېيىن بۇ قەدىناز بۇرادىرىنىڭ ئويىدىن كوڭلى بىئارام بولغان هالدا چىقىپ كەتتى.

مانا، كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يايلاقنى ئۈچ قېتىم قار باستى، ئۈچ قېتىم گۈل-چېچەك قاپلىدى. بۇ 3 يىل جەريانىدا ئەزىمەتمۇ چۇقۇر يايلىغىدا بىردىن-بىر مال دوختۇرى بولۇپ قالدى. گۈلپەرى ئىككىسى داۋاملىق خەت يېزىشىپ تۇرۇشتى. ئەزىمەتنىڭ تەلەۋىگە يارىشا گۈلپەرى شەهەردىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئەۋەتىپ تۇردى. ئەزىمەت ئىشتىن ئايرىلمىغان مالدوختۇر بولغانلىغى ئۈچۈن، كوپ هاللاردا مال باقاتتى، ئۇ مال باققاندىمۇ سومكىسىنى كوتىرىۋېلىپ، نەي چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى، مالدوختۇرلۇققا ئائىت كىتاپلارنى كورەتتى، ئۆگىنەتتى، خاتىرە يازاتتى. ئۇ مال پادىلىرىغا چەكسىز زوقمەنلىك بىلەن قارايتتى، ۋە ئۇلارنى سويەتتى، قەدىرلەيتتى، تول ئېلىش ۋاقىتلىرىدىكى ئالدىراش كۈنلەردە نەچچە كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماي ئىشلەپ كېتەتتى. يېڭى تۇغۇلغان قوزا-ئوغلاقلارنىڭ تىمەنلىگىنى كورگەندە هاردۇغى چىقىپ قالاتتى، ئۇ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، گۈلپەرىنى هەرگىز ئىسىدىن چىقارغىنى يوق. بۇ 3 يىل جەريانىدا دادىسى ساۋگەن ئۇنى كوپ قېتىم توي قىلىشقا قىستىدى. هەتتا خاپا بولۇپ ئۇنى ئويىدىن قوغلاپمۇ چىقاردى. لېكىن ئەزىمەتنىڭ گۈلپەرىگە بولغان ساپ مۇهەببىتى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ باراتتى.

ئارزۇ-ئۈمىت بىلەن زارىقىپ كۈتكەن خۇشاللىق كۈنلىرى ئەمدى يېتىپ كەلگەن ئىدى. گۈلپەرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدى، دىگەن

خەۋەر پۈتۈن چۇقۇر يايلىقىغا تارالدى . ساۋ-
گەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى-دە،دەرھال مىرزالار-
نىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى :

— مىرزا بۇرادەر،مۇشۇ يايلاقتا چىشىمىز
چىقىپ،ئەمدى چاچ-ساقاللىرىمىزغا تەڭلا ئاق
كىردى . بۇگۈنكى كۈندە ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق
قىلغىنىڭ نېمىسى ؟-دېدى . مىرزا خوش ياق -
مىغاندەك :

— ئويلاپ باقاي ، ئۇرۇق - تۇققانلار بى-
لەنمۇ مەسلىھەتلىشەي ، - دېگەندەك مۇجمەل
جاۋابنى بەردى. بۇ جاۋابتىن رەنجىگەن ساۋ-
گەن ئورنىدىن دەس تۇردى - دە،خوشلاشمايلا
كېتىپ قالدى . ئۇ كەتكەندىن كېيىن مىرزا
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. دەرۋەقە مىر-
زا ئەزىمەتنى ياخشى كورەتتى . ئۇنىڭ ئاق
كوڭۈل،سەممى،ئىشچان،ئېپىللىق يىگىت بو -
لۇپ ئوسكىنىگە قايىل ئىدى .

قىش ۋە ئەتىيازدا باشقا ئىشلار قاپلىشىپ
كەلگەندە ئەزىمەتنىڭ كېچە - كۈندۈز ئىككى
ئائىلە ئۈچۈن يىقىلىپ ھالىدىن كەتكىدەك
ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئۇمۇ كوڭلىدىن چىقى -
رالمايتتى . بىراق ئۇنىڭ يېقىن
تۇققىنى بولغان ئاستانباي يىراق يولنى
قىسقا قىلىپ ئەلچى بولۇپ كەلدىغۇ؟ ئەگەر
ئۇنىڭغا خوش جاۋاپ بىرەلمىسە ۋە ياكى
ماقۇل دېمىسە، مىرزا ئولگەندە ئۇنىڭ موردىسى-
نىڭ ئارقىسىدىن كىم يىغلايدۇ؟ئولسە يىغلىشى-
دىغان ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشى
كېرەكمۇ؟ ياق! بۇ تاجىك خەلقىنىڭ تۇققان-
چىلىق ئورپ-ئادىتىدىكى ئەڭ نازۇك ئىشقۇ؟
ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ بولۇپ،راۋاپنى جىنىنىڭ
بېرىدىغە قاتتىق زەخمەك ئۇرۇپ توختاتتى-دە،
ئوچاق ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقان زەرۇيىككە:

— قېنى،سەنمۇ بىر نەرسە دەپ باقمامسەن؟
كىمدىن كېچىش كېرەك؟! ئاستانباي بىزنىڭ
بىر تۇققان ئەۋلادىمىز، ساۋگەنمۇ بىزنىڭ
ئۇرۇق-تۇققانلاردىن قېلىشمايدىغان بۇرادىرى-
مىز،- ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋازىنى پەسلىتىپ
زەرۇيىكنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى،- ئاستانەنىڭ
ئوغلى مەستانمۇ ئاشلىق كادىرى، ھەر ئايدا
80 يۈەندىن ئارتۇق ئالىدۇ. ھەر ئىككىسى
ما ئاشلىق، كەنتتە ئوي تۇتسا تېخىمۇ بەخت-
لىك بولىدۇ، بىزمۇ بىمالال پايدىلىنىمىز، ئەگەر
ئەزىمەتكە بەرسەك قانداق بولىدۇ؟- دېدى.

زەرۇيىك گەپ قىلمىدى. مىرزا ياندۇرۇپ
سورىدى:-

—ھە،گەپ قىلمايسەنغۇ؟قىز بالا دېگەن ئانىغا
باقى، ئەگەر سەن ھىم!دېسەڭلا گۈلپەرىمۇ غىڭ
قىلالمايدۇ؟ شۇنداققۇ؟

چىغ قازناقتا ئولتۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئىش-
لىرىغا ياردەملىشىۋاتقان گۈلپەرى ئاتىسىنىڭ
بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىدى.ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق
بىلەن تىلغاندەك،گويا كېلىنى بىر نېمە بوغۇۋال-
غاندەك بولۇپ، كوز يېشى يىپى ئۈزۈلگەن
مارجاندەك توكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ نېمىمۇ
دېيەلىسۇن، تاجىك قىزىنىڭ مۇھەببەت باغلاپ
تۇرمۇشقا چىقىشى تېخى ئومۇمى ئىش ئەمەسقۇ؟
ئۇ دادىسىنىڭ ئىرادىسىنى قانداق بويسۇن-
دۇرالسۇن!پەقەت شۇ مېھرىۋان، باغرى يۇمشاق
ئانىغا ئوز ھالىنى ئەيتىش كېرەكتە!

زەرۇيىك قازناققا ئوتكەندە ئوكسۈپ يىغلا-
ۋاتقان قىزىنى كوردى. ئانىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما
بولدى. ئۇ قىزىنىڭ قېشىغا كىلىپ كوز ياشلىرى-
نى سۈرتۈپ تۇرۇپ :

— يىغلىما قىزىم، داداڭ دەۋىرىدۇ. ھازىر
زورلۇق دەۋرى ئەمەس.فېئوداللىق نىكاھتۈزۈمى
ئەمەلدىن قالغىلى نەچچە يىل بولدى،سەن
زادى ئەزىمەتنى ھەقىقەتەن ياخشى كورەمسەن؟

گۈلپەرىنىڭ يۈزى لاپپىدە قىزاردى، ئۇ
ناھايىتى خىجىللىق بىلەن:

— ھەئە، — دېدى.

— باشقىسىنىچۇ؟

— ياق، مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇلسەممۇ ئەزىمەت بىلەن بىرگە بولمەن، سائەر مېنى تۇققۇنىمىزنىڭ ئوغلى، ماناشلىق كادىرغا بىرىمىز دەۋاتىسلەر. ئەزىمەت گەرچە بىر ئاددى يالاڭياق مال دوختۇرى، پادىچى يىگىت بولسىمۇ، ئۇ ساپ ۋىجدانلىق، ئىرادىلىك يىگىت. جېنىم ئانا، مەن ۋىجدانسىزلىق قىلسام بولامدۇ؟ ياق، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

پىچىرلىشىپ قىلىنىۋاتقان بۇ گەپلەرنى مىرزا پۈتۈنلەي ئاڭلاپ قالدى.

— ھەي! — دېدى ئۇ ئاچچىغلاپ تۇرۇپ: — "قىزدا گۈنا يوق ئانىسى بۇزۇق، چاقتا گۈنا يوق تانىسى بۇزۇق" دېگەن مانا شۇدە! — ئۇ سەل غەزەپلەندى ۋە غەزىۋىنى بېسىش ئۈچۈن بىر سىقىم ناسۋالنى ئاغزىغا ئېتىپ ئىتتىك مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ گاڭگىراپ قالغان كالىسىنى سەگىتمەكچى بولۇپ بىر دوڭگە چىقتى. قىرنىڭ ئۇ تەرىپىدە مۇڭلۇق «قىزىل گۈل» ناخشىسى ئاڭلاندى.

ۋاپا قىلدىم دەپ ھەجەپ بىۋاپا بولدۇڭ،
مېنى دەرتكە سېلىپ قويۇپ ئۆزۈڭ كەتتىڭ قا-
يانلارغا.

ھېچ قامچاڭنى تارتمايسەن، قېنى رىشتىڭ،
ئۆزەڭ تارتەيلىدىڭ ماكان ئاشىغى-جۇۋانلارغا.
كوڭۇلنى ئالغىلى بولماس تىللا، يامبۇ، ئالتۇنغا،
توسالماس مۇھەببەت ئوقىنى، قات-قات تاغ
داۋانلارمۇ.
قارالىڭ گۈلۈم، قىزىل گۈلۈم، شۇجۇپ كىپىنە كلەرگە،
جۈپتە ندۇر ياشارغان جان ھەتتا شۇ زوراۋانلارمۇ.

مىرزا ناخشىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىگىنى ياشلىق جاراھىتى قايتا ئەسىر قىلغاندەك بولدى. مانا بۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك دەردىنى ئىزھار قىلغان ناخشىسى ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ يۈرىگىنى قانداقتۇر بىرسى ئامبۇر بىلەن تارتقاندەك بولدى. ئۇ ئاستا ئۆز-ئۆزىگە: "ھەي مىرزا، ھەي مىرزا، سەن نىمە بولدۇڭ؟ سەن ئازاۋىنى يەتكىچە تارتقان شۇ فېئوداللىق نىكاھ بويۇنتۇرۇقىنى ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ بويىنىغا سالماقچىمۇ؟" بىر ئازدىن كېيىن يەنە دېدى: "ياق-ياق! بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ." — ئۇ خۇددى ئەقلىدىن ئادىشىپ، قايتا ئېقىلتاپقاندەك ئاق ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپلا ۋاقىرىۋەتتى.

— مەن ناماقۇل، ھوي زەرۈيىك، مەن ناماقۇل! مەن ئەمدى ئۇلارغا قىلچە سىرتماق سالمايمەن. ئۇلارنىڭ بەختىگە ھەرگىز ئۇلتارمايمەن.

ئۇ ئاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە شۇتىزلىك بىلەن ئۆيدىن چاپىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەيدى-دە، ساۋگەننىڭ ئارقىسىدىن چاپتى.

"دوستۇم ساۋگەن، مېنى كەچۈر، مەن ساڭا ناماقۇل" دەيتتى ئۇ كېتىۋېتىپ، مىرزىنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقىشقان زەرۈيىك بىلەن گۈلپەرى ساۋگەنلەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتقان مىرزىنى كورۇپ بىر-بىرىگە خۇشال كۈلۈپ قاراشتى.

زەرۈيىك گۈلپەرىنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ:

— ئەمدى خۇشال بولارسەن، — دېدى.

گۈلپەرى ئاھۇ كوزلىرىنى ئانىسىغا تىكىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— جېنىم ئانا، سىلەرگە رەخمەت! ...

# بەختىم

تۇنسا ئوسمان

ئۆزۈڭدىن ئىنتىزار ئەتكەن مۇقەددەس بۇ زىيارەتنى،
مانا باشلاپ دىلىم سەزدى ئۇلۇغ ئاتەش-هارارەتنى.

ۋەتەن- ئەل،مىللىتىم پەخرى " ئىلىمگە هوددىگەر ئۇستاز "
بوۋام مەهمۇد ئىلىپ كەتتى قاناتلانغان خىيالەتنى...

× × ×

ئۇ باغلاپ ئىجتىهات،ئالتۇن كەمەر - بەلۋاغىنى چىڭ بەلگە،
ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەم ئەيلىدى ئىدرەك، ماتانەتنى.

تالانت، غەيرەت، تىرىشچانلىق، خەلققە جان پىداكارلىق ...
هىساپسىز ئەجرى پۈتتۈردى « دىۋان » دەك زور كىتابەتنى.

« دىۋان» نىڭ هەرسوزىدىن نۇرلىنار تالىپ ئىلىم قەلبى،
ئۈگەتتى ئۇ بىلىمگە ئىشتىياقلىقنى، ساداقەتنى.

گويا « نورۇز بۇلاق » ئوخشاش بۇلۇقلاپ توختىماي، تەشنا-
تۈمەن دىللارغا سىڭدۇردى ئىلىم - ئىرپان،دىيانەتنى.

ئىلىمنىڭ نام- نىشانىنى « دىۋان » تارقاتتى هەريانغا،
جاهاندا قىلمىغان مەهمۇد كەبى هىچكىم هىدايەتنى.

بوۋام مەهمۇدنى ئوستۇرگەن ئانائەل .. جانىجان خەلقىم،
شۇ ۋەجىدىن تاپتى دۇنيادا بۈيۈك شوهرەت - ئىناۋەتنى.

بۈگۈن مەن ئېهتىرام بىرلە قەۋرىنىڭ ئالدىدا ئىشتىتىم
ئەزىم ئەجدادىمىز تەۋسىپىنى، شانلىق هىكايەتنى.

بوۋام تارىخدۇر پاكىت ئىلىمدە گۈللىگەنلىكىنىڭ،
قىلاي مات " يالجىماس مىللەت"، دىگەن پىتنە-هاقارەتنى.

ئاڭا قانداشلىقىم-بەختىم، ئىزىن باسماقلىقىم ئەهدىم،
تەلەپ ئەتمەس دىلىم ئاندىن ئۇشۇق بەختۇ-سائادەتنى.

# كوڭۈل ئارزۇسى

(مۇخەممەس)

رەشىدەم سىيىت

دىلىمدا بار ئىدى كۆپتىن بىر ئارزۇ سېستىرا بولماق،
خىيال دەرياسىدا شۇ ھىس بىرلە ئىدىم گويا قولۋاق،
شىپا بەرسەم كېسەللەرگە بولۇپ مەن ھەر ۋاقىت خۇشۋاق،
ئەمەسمۇ تەس خەلقىنىڭ دىلىدىن ئالقىش، رىزا تاپماق،
دىلىمدا بۇ ئۇلۇق ئارزۇ كەبى ۋۇلقان يانار ھەر ۋاخ.

ئېزىز، ئەلا بىلىپ ئەلنى ھامان خىزمىتىنى قىلسام،
شىپادىن گۈل تىزىپ ھەر تاڭ، قەلب تورىگە تىزسام،
ھىكمەت جامىدا نۇرنى جامال- رۇخسارىغا چاچسام،
ھاياتىمدىن يېڭى مەنا، كەشپىتە يېڭى بەت ئاچسام،
ماڭا ئادەت بولۇپ قالدى شۇ ئارزۇ ئىلكىدە يانماق.

خەلق ھەمشىرىسى بولسام، كىيىپ پەخرىم خالاتىنى مەن،
قىلىپ دەريايى مېھرىمنى، تىلىمنى بال - ھەسەل ۋە قەن،
ئۈگەنسەم كەسپىكە ماھىر چەۋەنداز بوپ، زېرىكمەي پەن،
قىيىن ئوتكەل - جاپالارغا پەقەتلا بەرمىگەيمەن تەن،
نۇمۇستۇر ماڭا ئۇز ئارزۇ - ئىرادەم لەۋزىدىن قاچماق.

دىسە خەلقىم: "سوزى قەندەك كوڭۈللەرگە داۋا ھەر چاغ،
چىرايىدىن ياغار كۈلكە، كوكسى كەڭ، گويا چار باغ،
كورۇنمەس ئەپتىدىن زىنھار تەكەببۇرلۇق، تېرىقچە داغ،
چىۋەر ھەركەتلىرى شۇنچە، قىلمىشماس ئەسلا قايماق، ياغ،"
قاچانمۇ بىر كېلەر دەيمەن شۇ ئارزۇنى ئادا قىلماق.

# جاۋزىياڭ زۇڭلى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنى يوقلىدى



جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى "مەدرىس مەھمۇدىيە" نىڭ
خارابىسى ئۈستىدە.



جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى مەھمۇت
قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى جايلاشقان خانىدا.



جاۋزىياڭ زۇڭلى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى
ئازنا مەسچىت ئالدىدا.

سۈرەتلەرنى چېن نيۇ تارتقان.




قەشقەر ئەدەبىياتى (12 - يىل نەشرى)

1983 - يىل 6 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

ناشىرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ

باسما ئۆلچىمى: 1092×787 مم 1/16، 8 تاۋاق

پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژۇرنال نومۇرى 62—58

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

«喀什噶尔文学»（双月刊）

1983 年 第 六 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室

印刷：《喀什日报》印刷厂

订阅：全国各地邮电局（所）

代售：各地邮电局及新华书店

开本：1092×787MM1/16，8印张

代号：58--62　单价：0.35 元

新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号